بسم الله الرحمن الرحيم

# مۇندەرىجە


❖ شېھىت ئۇستاز ئابدۇلئەھەدخان مەخسۇم ھاجىم.......
................................ فارۇق مۇھتەرەم 3

❖ فاتىھە سۈرىسىنىڭ تەپسىرى....مۇھەممەد يۈسۈپ 9

❖ غەلىبە ۋە ئۈستۈنلۈكنىڭ سەۋەبلىرى...............
.......... ئوبۇلقاسىم ئەھمەدى ئۆزلەشتۈرگەن 23

❖ يېڭى تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ شەكىللىنىشى........
................................ئابدۇلئەھەد ئۇچقۇن 39

❖ بايلىق قەيەردە، بايلارچۇ!.ھەببۇللا تەكلىماكانى 48

❖ دىنى قېرىنداشلىق.......... تاھىرجان ئابباس 61

❖ ئىقتىسادىي ئېڭىمىزدىكى نۇقسانلار...............
.............................ئۆمەر سالىھ زىيائىي 72

❖ قىز ـ يىگىتلەر يولىغا 50گۈلخان..................
......................مۇھەممەدئېمىن ھاجىم تەرجىمىسى 80



المعرفة

مەرىپەت ژۇرنىلى

دىنىي، ئىلمىي، ئىجتىمائىي
ژۇرنال
(پەسىللىك)

2018

2 ـ سان
(ئومۇمىي23 ـ سان)

ژۇرنال مەسئۇلى:
سىراجىددىن ئەزىزى

مەسئۇل مۇھەررىرى:
مۇھەممەد يۈسۈپ

تەھرىر ھەيئەتلەر:
ئابدۇلئەھەد ئۇچقۇن
ئوبۇلقاسىم ئەھمەدى
ئابدۇلئەھەد ئۇجات
ئابدۇلئەھەد ھاپىز
ياسىن ئابدۇلھېكىم

ئەسەر ئەۋەتىڭ
پىكىر-تەكلىپ بېرىڭ
ئېلخەت ئادرېسىمىز:
Meripetjournal@gmail.com

ژۇرنىلىمىزنىڭ ئېلكتاب نۇسخىسىنى
«مەرىپەت» مۇنبىرىدىن كۆرەلەيسىز

مۇنبەر ئادرېسى:
WWW. Merifet. net

www.uyghurkitap.com

# ئەسىر ئەۋەتكۈچىلەر سەمىگە...

1. ژۇرنىلىمىزغا ئەۋەتىلگەن ماقالىلەرنىڭ مەركىزى ئىدىيىسى «ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائە» ئەقىدىسىگە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك.
2. ماقالە ۋە ئەسەرلەردە ئالغا سۈرۈلمەكچى بولغان چۈشەنچىلەر ئېنىق يورۇتۇپ بېرىلگەن بولۇشى كېرەك.
3. تەرجىمە ئەسەرلەردە چوقۇم مەنبە ئەسكەرتىلىشى ۋە تەھرىر ھەيئىتىگە ئەسلى نۇسخا تەمىنلىنىشى كېرەك.
4. ژۇرنىلىمىزغا ئەۋەتىلىدىغان ماقالىلەر بۇرۇن ھېچقانداق كىتاب-ژۇرناللاردا ياكى تور بەتلەردە ئېلان قىلىنمىغان بولۇشى كېرەك.
5. ژۇرنىلىمىز ۋەتىنىمىز ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئۇيغۇر قېرىنداشلارنى، بولۇپمۇ ئىلىم ۋە دەۋەت ساھەسىدىكى ئۇستازلارنى ۋە ئىلىم ھېرىسمەنلىرىنى پىكىر ئالماشتۇرۇش، تونۇشۇش ۋە ئۆزئارا چۈشىنىش سەھنىسى بىلەن تەمىنلەشنى مەقسەت قىلغان بولغاچقا، ھەرقانداق شەخس ياكى كوللېكتىپقا قارىتىلغان ھۇجۇم خاراكتېرلىك ماقالىلەرنى قەتئىي قوبۇل قىلمايدۇ.
6. ژۇرنىلىمىزغا ئەسەر ئەۋەتكۈچىلەر ماقالىسىنى ژۇرنىلىمىزنىڭ مەخسۇس ئېلخەت ئادرېسىغا يوللىشى كېرەك.
7. ئاپتورلار ئەۋەتكەن ماقالىسىغا ناھايىتى ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشى، نەقىل مەنبەلىرى ئەسكەرتىلگەن بولۇشى، ئايەت ۋە ھەدىسلەرنىڭ نومۇرلىرى بەت ئاستىغا ئىزاھات سۈپىتىدە بېرىلگەن بولۇشى كېرەك.
8. ماقالىلەرنىڭ ھەجىمىگە چەك قويۇلمايدۇ. ناۋادا قىممىتى زور، ئەھمىيەتلىك تېمىلار بولسا ئۇدا بىر قانچە ساندا ئۇلاپ ئېلان قىلىنىدۇ.
9. ژۇرنىلىمىزغا ئەسەر تاللاشتا ئەسەرنىڭ قىممىتى ۋە يوللانغان ئىلگىرى-كېيىنلىك تەرتىپى بويىچە تاللىنىدۇ. ئەسەر ئەۋەتىلىپ ئالتە ئايغىچە ژۇرنالدا ئېلان قىلىنمىسا ياكى ئېلخەت ئارقىلىق ئۇچۇر قىلىپ ئەسكەرتىلمىگەن بولسا ماقالىنىڭ قوبۇل قىلىنمىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.
10. ژۇرنىلىمىزغا يوللانغان ماقالە ئېلان قىلىنغۇچە بولغان ئارىلىقتا ھېچقانداق تور بەت ياكى ئۇچۇر ۋاسىتىلىرىدا ئېلان قىلىنماسلىقى كېرەك.

ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى كەڭ ئاپتور ۋە ئوقۇرمەن قېرىنداشلىرىمىزدىن بۇ ئازغىنە ئەمگىكىمىزگە يېقىندىن ھەمدەمدە بولۇشىنى ۋە كۆڭۈل بۆلۈشىنى، قىممەتلىك پىكىر-تەكلىپلىرىنى ئايىماسلىقىنى، ماقالە-ئەسەر ئەۋەتىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ھۆرمەت بىلەن:

——«مەرىيەت» ژۇرنىلى تەھرىر ھەيئىتى

ئادرېسىمىز:
**Kamal Paşa Mahallesi Biga Sokak No. 27**
**Bodrum Kat Sefaköy Küçükçekmece istanbul**
*TEL: 0212-6243928*

ئالاھىدە ئەسكەرتىش: ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان ماقالىلار ئاپتورلارنىڭ كۆز قارىشى ۋە چۈشەنچىسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ماقالىلارنىڭ ئېلان قىلىنغاندىن كېيىنكى بارلىق ھوقۇق ۋە مەسئۇلىيىتى ئاپتورلارغا خاس!




ئەللامە، شېھىت ئابدۇلئەھەدخان مەخسۇم ھاجىم يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تارىخىدىكى مەشھۇر زات، دۆلەت ئەربابى، دىنىي ۋە مىللىي يولباشچىمىز مۇجاھىد مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا ھەزرىتىمنىڭ جىيەنى بولۇپ، **1931** ـ يىلى شەرقىي تۈركىستاننىڭ قاراقاش ناھىيەسى داۋا كۆل مەدرىسىسىدە دۇنياغا كەلگەن. مەخسۇم ھاجىمنىڭ دادىسى بارات داموللام زېرەكلىكى، ئۆتكۈر پىكىرلىكى ۋە مول بىلىمى بىلەن تەڭتۇشلىرىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدىغان زات ئىدى. بارات داموللام ئەينى ۋاقىتتىكى جاللات شېڭشىسەي ھاكىمىيتى ئاستىدىكى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەرىپىدىن تۈرمىگە ئېلىنىپ شېھىت قىلىنغان. مەخسۇم ھاجىم شۇ چاغلاردا ئەمدىلا تۆت ياشقا كىرگەن بولۇپ، خىتاي ھۆكۈمىتى مەخسۇم ھاجىمنىڭ تېخى ئەمدى تۆت ـ بەش ياشلاردىكى بىر كىچىك بالا ئىكەنلىكىگە پەرۋا قىلماستىن، ئۇنى ئانىسى بۇۋى مەريەم خېنىم، سىڭلىسى بۇۋى ئائىشە خېنىم قاتارلىق ئائىلە ئەزالىرى بىلەن قوشۇپ تۇتقۇن قىلغان. ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتۈپ قويۇۋېتىلگەن. قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىنمۇ بۇنداق قەرەلسىز تۇتقۇن قىلىش ۋە ئېغىر سوئال ـ سوراقلارغا تارتىشلار توختاپ قالمىغان. قىسقىسى، مەخسۇم ھاجىمنىڭ باللىق ھاياتى ۋە ئەركە چاغلىرى ئەنە شۇنداق زۇلۇم ۋە ئىسكەنجە ئىچىدە باشلانغان. مەخسۇم ھاجىم توققۇز ـ ئون ياش ۋاقىتلىرىدا ئائىلىسىدە ئانىسىنىڭ قولىدا قۇرئان ساۋادىنى چىقارغان بولۇپ، تاكى **21** يېشىغىچە قاراقاشتىكى قازى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

داموللام، جامالىدىن داموللام، مۇھەممەد نىياز مەۋلىۋى ۋە ئەھمەد داموللام قاتارلىق ئۆلىمالاردىن دىنىي تەلىم ئالغان. 1954-يىلىدىن 1957-يىلىغىچە قاغىلىق ۋە قەشقەر خانلىق مەدرىسىدە ئىلىم تەھسىل قىلغان. خىتاي ھۆكۈمىتى 1958-يىلى مەخسۇم ھاجىمنى «تارىخ دەرسلىرىنى ئوقۇغان ۋە ئۆزىنى مەدرىستە باشقىلارغا يەتكۈزگەن» دېگەن باھانە بىلەن 12 يىل قاماققا ھۆكۈم قىلغان. بۇ مەخسۇم ھاجىمنىڭ توي قىلغىلى ئەمدىلا بىر يىل بولغان ۋاقتى ئىدى. مەخسۇم ھاجىمنىڭ تۈرمە ھاياتى بۇ زۇلمەتلىك 12 يىل جەريانىدا ئاچلىقچازاسى ۋە باشقا ئېغىر ئەمگەكلەر بولۇپ چىدىغۇسىز زۇلۇم، دىشۋارچىلىق ئىچىدە ئۆتكەن. 1970-يىلى مەخسۇم ھاجىمنىڭ جازا مۇددىتى توشقاندىن كېيىنمۇ، داراسكال كەنت مۇدىرلىكى: «بۇنداق ئەكسىيەتچى ئۇنسۇرنى بىز كەنتىمىزگە ئەمدى قوبۇل قىلمايمىز، يۇقىرىدىكىلەر ئۆزلىرى بىلىپ بىر تەرەپ قىلىۋەتسۇن» دەپ، ھۆكۈم مۇددىتى توشقاندىن كېيىن ئۆز كەنتىگە قايتىپ بولىدۇ، دېگەن تەستىق ۋارىقىنى يىرتىپ تاشلىۋەتكەن. شۇنىڭ بىلەن مەخسۇم ھاجىم يەنە ئىككى يىل ئارتۇق ئەمگەككە سېلىنىپ جازالانغان. مەخسۇم ھاجىم تۈرمىدىكى ۋاقىتتا تۇنجى ئوغلى ئابدۇرەئۇپ تۇغۇلغان بولۇپ، شۇ چاغلاردا ئۇنىڭغا ئۆز ئوغلىنى كۆرۈشكىمۇ رۇخسەت قىلىنمىغان.

مەخسۇم ھاجىم 1972-يىلىنىڭ ئاخىرى تۈرمىنىڭ ئەمگەك مەيدانىدىن قېچىپ كەتكەن ۋە سەككىز يىل قېچىپ يۈرۈشكە مەجبۇر بولغان. ئۇ مۇشۇ مەزگىلىدىمۇ، بار ئىمكانىيەتتىن پايدىلىنىپ، دىنىي ئوقۇتۇشنى توختىتىپ قويمىغان. خىتايلارنىڭ تۈزۈمىدە ئۆزگىرىش بولۇپ، ئاز-تولا جاھان كەڭرىگەن ۋاقىتلاردا مەخسۇم ھاجىم 1982-يىلى تۇغقان يوقلاش ۋە تاشقى دۇنيانى كۆرۈش مەقسىتىدە پاكىستان ئارقىلىق تۈركىيەگە كەلگەن. تۈركىيەدە بىر يېرىم يىلدەك تۇرغاندىن كېيىن ئەرەبىستانغا بېرىپ ھەج پەرزىنى ئادا قىلىپ ۋەتەنگە قايتقان. مەخسۇم ھاجىم ئەينى چاغدا ۋەتەنگە قايتىش ئالدىدا«ھەسرىتىم» ناملىق شېئىر يازغان ۋە بۇ شېئىردا ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن تۈركىيەدە تۇرۇپ قالماي ۋەتەنگە قايتىپ كېتىش قارارىغا كەلگەنلىكىنى، ۋەتەنگە قايتسا قانداق قىسمەتلەرنىڭ ئۆزىنى كۈتۈۋاتقانلىقىنى تىلغا ئالغان. ئۇشبۇ ۋاقىتتىكى ھېسسىياتىنى تۆۋەندىكى قۇرلار ئارقىلىق ئىپادىلىگەن:

ھۆر ۋەتەن تۈركىيەدىن ئايرىلمىقىم ھەسرىتىم،

گەر قىزىللار زۇلۇم قىلسا باشتا باردۇر كۆلپتىم.
ۋالىدەم، ئەۋلادى قارداش ناتىۋانلار بولمىسا،
قايتماس ئەردىم ھۆر ۋەتەندىن تاپىلۇردى ئۆلپتىم.
ئانا يۇرتۇم قالدى زۇلمەت ئاسارەتىنىڭ ئاستىدا،
مىللىتىمنىڭ خورلىقىغا ئەسلى يوقتۇر تاقىتىم.
ھەر كۈنى تەھدىت ئىچىدە ئۆتسىمۇ كۈنلەر ماڭا،
مىللىتىمگە بىر ئېغىز ئىلىم ئۆگەتمەك تائىتىم.
قامىسا، ئۆلتۈرسە دۈشمەن مەنىنە يالغۇز ئەمەس،
شۇ ھەدالەرگە قوشۇلسام، ھەل بولۇر چوڭ نىيىتىم.

مەخسۇم ھاجىم ۋەتەنىگە قايتقاندىن كېيىن تاكى 2004-يىلىغىچە يەنە قولغا ئېلىنىپ قالارمەن دەپ ئەندىشە قىلماستىن، كېچە-كۈندۈز دېگۈدەك خوتەن شەھرى ۋە قاراقاش ناھىيەسىدە ئىزچىل دىنىي مائارىپ خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان. بۇ جەريانىدا مىڭلارچە تالىپ يېتىشتۈرگەن. دىنىي دەرسلىك پىروگراممىسى تۈزۈپ چىقىش ۋە يولغا قويۇش ئارقىلىق يېڭىچە دىنىي مائارىپنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن ھەسسە قوشقان. مۇدەررىسلەرگە يېتەكچىلىك قىلغان. شۇ ۋاقىتنىكى قىيىن شارائىت ئىچىدىمۇ بىر تەرەپتىن ئوقۇغۇچى تەربىيەلىسە يەنە بىر تەرەپتىن دىنىي تېمىلاردا قەلەم تەۋرەتكەن. ئىمام نەۋەۋىي توپلىغان قىرىق ھەدىسنى تەرجىمە قىلغان ۋە شەرھى يازغان. سابىت داموللامىنىڭ «ئەقىدە جەۋھەرلىرى» ناملىق رىسالىسىنى ئۇيغۇرچىلاشتۇرغان. مىشكاتۇل مەسابىھ كىتابىدىن 70 ھەدىسنى تەرجىمە قىلىپ شەرھلىگەن. بۇ كىتاب كېيىنكى يىللاردا تۈركىيەدە نەشر قىلىنغان. مەخسۇم ھاجىم مەشھۇر تاتار ئالىمى رىزائۇددىن فەخرۇددىنىنىڭ «شەرھۇ جەۋامىئۇل كەلىم» ناملىق چوڭ ھەجىملىك ئەسىرىنى تاتارچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغان، بۇ ئەسەر ۋەتەن ئىچى-سىرتىدا بېسىپ تارقىتىلغان. «ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ تەرجىمىھالى» ناملىق ئەسەرنى ئوسمانىيە تۈركچىسىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغان، بۇ كىتابمۇ ۋەتەن-ئىچى سىرتىدا كۆپ قېتىم نەشر قىلىنغان. 1986-يىللىرى پاكىستاندا

www.uyghurkitap.com

مەرھۇمنىڭ «شېئىرلار توپلىمى» ناملىق شېئىرىي ئەسىرى نەشر قىلىنغان. مەخسۇم ھاجىم يەنە ئەرەبچىدىن «ئىسلام دىنىنىڭ روھى» (روح الدين الإسلامي)، «مۇئمىنلەر ئەقىدىسى» **(عقيدة المؤمن)**، «كوممۇنىزمنىڭ ئىسلام ئالدىدىكى مەغلۇبىيىتى» **(انهيار الشيوعية أمام الإسلام)** قاتارلىق كىتابلارنى تەرجىمە قىلغان. مەرھۇم مەخسۇم ھاجىم ئۆزىنىڭ ھايات سەرگۈزەشتىسى، ئىش-پائالىيەتلىرى ۋە مۇستەملىكە ھاكىمىيەت ئاستىدا تۇتۇپ ماڭغان يولى ۋە پىكىر-قاراشلىرىنى كېيىنكى ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈش مەقسىتىدە «ھاياتىم ۋە پىكىرلىرىم» ناملىق بىر ئەسلىمە قالدۇرغان بولۇپ، بۇ ئەسلىمىنى ئۆزى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن نەشر قىلىشنى ۋەسىيەت قىلغان. بۇلاردىن باشقا مەخسۇم ھاجىم بىر قانچە ئەسەر يازغان ۋە تەرجىمىسىنى ئىشلىگەن بولۇپ، ئۇ ئەسەرلەر تارقىلالمىغان ياكى يوقاپ كەتكەن.

مەخسۇم ھاجىم **2004**-يىلى **1**-ئايدا بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلىرىغا دەرس ئۆتۈۋاتقان يېرىدە قولغا ئېلىنىپ بەش يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان. بۇ ۋاقىتتا مەخسۇم ھاجىم ئاللىبۇرۇن **70** ياشتىن ھالقىغان ئىدى. جازا شەرقىي تۈركىستان كورلا ۋىلايىتىنىڭ قاراشەھەر تۈرمىسىدە ئىجرا قىلىنغان. مەخسۇم ھاجىم بۇ تۈرمىدىكى ئۇچرىغان زۇلۇملىرىنى ئۆزى مۇنداق بايان قىلىدۇ: «خىتايلار مېنى ناماز ۋە باشقا ئىبادەتلەردىن پۈتۈنلەي چەكلىدى، ھەتتا ئاللاھنى زىكىر قىلىش ئۈچۈن تىلىمنى مىدىرلىتىشقىمۇ، ئىشارەت قىلىشقىمۇ پۇرسەت بەرمىدى. ھەركۈنى مېنى خورلاپ دىنىمىزنى ھاقارەتلىدى، ئەيىبلىدى، تارىخىمىزنى بۇرمىلىدى، بىزنىڭ ئەزەلدىن خىتاينىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىمىزنى ۋە ئەبەدىلئەبەد مۇشۇنداق بولىدىغانلىقىنى توختىماستىن قۇلىقىمغا قۇيىدى، كېچە-كۈندۈز زالىملارنىڭ قانۇنلىرىنى ئۆگىنىشكە مەجبۇرلىدى». مەخسۇم ھاجىمنىڭ دېيىشىچە، بۇ قېتىمقى تۈرمىدىكى خورلۇق ۋە ئازاب دەسلەپكى **12** يىللىق تۈرمە ھاياتىدىن نەچچە ھەسسە ئېغىر بولغانىكەن. شۇنداقتىمۇ مەخسۇم ھاجىم بۇ بەش يىل داۋامىدا روھىيەت جەھەتتىن قىلچە بوشىشىپ قالماستىن، ئۆزىنى يوقلاپ كەلگەنلەرنى ئىلھاملاندۇرۇپ، ئۈمىدلەندۈرۈپ تۇرغان. مۇخلىسلىرىغا ئۆزىنىڭ ئالتۇندەك نەسىھەتلىرىنى ئۈزۈپ قويمىغان. ئابدۇلئەھەدخان مەخسۇم ھاجىم **2009**-يىلى يۇرتىغا ساق-سالامەت قايتىپ ئائىلىسى بىلەن دىدارلاشقان. قايتىپ بىرەر ئاي

ئەتراپىدا دەم ئالغاندىن كېيىن، يەنە بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلىرىغا ئائىلىسىدە زىياپەت شەكلىدە دەرس بېرىشكە باشلىغان. بۇنىڭدىن ئەندىشە ھېس قىلغان بىر قىسىم يېقىنلىرى: «تۇرمىدىن چىققىلى بىر ئاي ئۆتمەي تۇرۇپ دەرس باشلىۋالدىلا، چارچاپ كەتمەمدىلا» دېگەندە، ئۇلارغا مۇنداق جاۋاپ بەرگەن: «مەن ھاياتىمنىڭ **19** يىلىنى قاماقتا، سەككىز يىلىنى قاچقۇنلۇقتا ئۆتكۈزۈپتىمەن، مەن دىن يولىدىكى بۇ جاپالىرىم ماڭا يېتەرلىك دەپ ھەرگىز خاتىرجەم بولالمايمەن، خۇددى بۇ ئىشلار مېنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن بىر مىنۇتمۇ قوغداشقا دال بولالمايدىغاندەك ئەندىشىدە ياشىماقتىمەن، مۇشۇ قېتىملىق تۇرمىدىن ساق-سالامەت چىقىشىمنى ئويلىمىغان ئىدىم، شۈكرىكى، ئاللاھ مېنى يەنە سۆزلىيەلەيدىغان، كۆرەلەيدىغان، ئاڭلىيالايدىغان ھالىمدا بۈگۈنگە ئۇلاشتۇردى. شۇڭا مۇشۇ مىنۇتمۇ مەن ئۈچۈن بەك مۇھىم، شۇ سەۋەبتىن مەن دەم ئېلىشنى ئويلىمايمەن، ساياھەت ئىستىراھەتنى خىيال قىلمايمەن، بىز مۇشۇنداق بوشاشماي تىرىشساقلا، بۇ دىن ھامان بىزنىڭ دىيارىمىزدا پارلايدۇ، شۇ سەۋەبتىن ھېچبىرىمىز ئۈمىدسىزلەنمەسلىكىمىز كېرەك».

مەخسۇم ھاجىم تۈرمىدىكى ۋاقتىدا دىئابىت كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالغان ئىدى. چىققاندىن كېيىن بەدىنى ئاجىزلىششقا، دىئابىتنىڭ ئەگەشمە ئالامەتلىرى كۆرۈلۈشكە باشلايدۇ. كۆزىگە ئاق چۈشۈپ ئوپېراتسىيە قىلىنىدۇ. شۇنداق تۇرۇپمۇ ئۇ كېسەل كارۋىتىدىمۇ دەرسنى توختاتمىغان. بۇ كېسىلى سەل ياخشىلانغان بولسىمۇ، ئەمما **2010**-يىلى بويۇن ئومۇرتقا سۆڭىكى يۇمشاپ كېتىپ قايتا دوختۇرخانىغا كىرىپ قالغان. بۇ قېتىم داۋالاش خېلىلا ئۇزۇن بەرگەن. دوختۇرخانىدىن چىققاندىن كېيىن يەنە دەرسنى داۋاملاشتۇرغان. يەنە ئىككى يىلدىن كېيىن **2012**-يىلى دوختۇرخانىغا كېسەل يوقلاشقا بېرىپ قايتىش يولىدا پەلەمپەيدىن يىقىلىپ كېتىپ، يانپاش سۆڭىكى سۇنۇپ كەتكەن ۋە شېكەر كېسىلى سەۋەبىدىن بۇ سۇنۇق پەقەت تۇتمىغان. ئاخىرى نۇرغۇن تاللاش ۋە قارارلاردىن كېيىن ئۈچىنچى قېتىملىق ئوپېراتسىيەگە چۈشۈپ، سۇنغان سۆڭەكنىڭ ئورنىغا باشقا سۆڭەك سەپلەنگەن. مەخسۇم ھاجىم ئاللاھنىڭ پەزلى بىلەن ساق-سالامەت ئائىلىسىدە پەرۋىش ئىچىدە تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلىغان. تۇرلۇك جاپا-مۇشەققەت، كېسەللەر بۇ ئالىي ھىممەت ئىگىسىنى چارچىتالمىغان. ئۇ يەنىلا دەرس

www.uyghurkitap.com

ئوقۇتۇشنى باشلىغان. شۇنداق پىداكارلىق بىلەن خىزمەت قىلىۋاتقان كۈنلەردە، يەنى **2013**-يىلى بىر كېچىدە مەخسۇم هاجىم تەھەججۇد نامىزىغا قوپالمىغان. ھەركۈن مۇقىم ۋاقىتلاردا تەھەججۇد ئوقۇيدىغانلىقىنى بىلگەن مۇھتەرەم پاتىمەخان ئانىمىز بۇنىڭدىن كۆڭلى بىر مۇسىبەتنىڭ پۈركىنى ھېس قىلغاندەك بولۇپ، مەخسۇم هاجىمنى ئويغىتىپ باققان بولسىمۇ، مەخسۇم هاجىمدىن هېچ بىر سادا بولمىغاچقا دەرھال دوختۇرخانىغا ئاپارغان. مەخسۇم هاجىمنىڭ مېڭىسىگە قان چۈشكەن ئىدى. شېكەر كېسىلى ۋە يېقىنقى يىللاردا ئۈچ قېتىم ئوپېراتسىيەگە چۈشكەن بولغاچقا، بۇ قېتىم ئوپېراتسىيەگە ئېلىشقا دوختۇرلارمۇ بىرلىكتە قارار قىلالماي قالغان. ئاللاھ تائالا دۇئالارنى ئىجابەت قىلىپ،بۇ كېسەللىنىڭ دورا ئارقىلىق شىپا تېپىشنى نېسىپ قىلغان بولسىمۇ، بىراق بۇ ياشتا ئارقمۇ-ئارقا كەلگەن بۇ ئوپېراتسىيە مەخسۇم هاجىمنى خېلىلا هالسىرىتىپ قويغان. بىراق بۇ شېھىت ئوغلى مەخسۇم هاجىم يەنىلا كىرگەن ئوقۇغۇچىلىرىغا، زىيارەتچىلىرىگە نەسىھەتنى ئۈزۈپ قويمىغان. شۇ كۈنلەردە تويۇقسىز ئۆيىگە ئوت كېتىپ، هويلىسىدىكى بىر ئائىلىلىك ئۆيى تولۇق كۆلگە ئايلىنىپ كەتكەن.

بۇنىڭدىن بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن شەرقىي تۈركىستان يەنە قايتىدىن ئىنسانىيەت تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن بىر زۇلۇم دەۋرىگە قەدەم قويغان. بۇ قېتىملىق زۇلۇم سىياسىتىدە ھەر بىر پۇقراغا بىردىن خىتاي بىلەن مەجبۇرىي تۇغقان بولۇش بەلگىلەنگەن. مەخسۇم هاجىمغا مۇشۇ ئۇقتۇرۇش كەلگەن ۋاقىتتا: «مەن ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ يولىدا ماڭغانلارنىڭ تۇغقىنى ۋە دوستى، مېنى ئېتىۋەتسەڭلەرمۇ ھەرگىز دىنسىز كاپىرنى تۇغقىنىم دەپ ئېتىراپ قىلمايمەن» دەپ كەسكىن رەت قىلغان. مەخسۇم هاجىمنىڭ شۇ هالەتتىمۇ كۆرسەتكەن ئىمانىي جاسارىتىدىن چۆچۈگەن خىتاي ھۆكۈمىتى **2017**-يىلى **11**-ئايدا پۈتۈن ئائىلە ئەزالىرىنى مەخسۇم هاجىم بىلەن قوشۇپ تۈرمىگە ۋە ئۆزگەرتىش مەركەزلىرىگە قامىغان. بۇقېتىم قامالغاندىن كېيىن هېچكىم هېچقانداق خەۋەر ئالالمىغان. ئارىدىن ئالتە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن خىتاي ھۆكۈمىتى ئائىلىسىگە مەخسۇم هاجىمنىڭ ۋاپات خەۋىرىنى يەتكۈزگەن. ئاخىرى ئاللاھ بۇ سۆيۈملۈك بەندىسىنى**87** يېشىدا شېھىت هالدا دەرگاھىغا ئېلىپ كەتتى. ئاللاھ مەرھۇمنىڭ ياتقان يېرىنى جەننەت قىلغاي، ئامىن!




تەھرىر ئىلاۋىسى:

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن! يېقىندا نەشر قىلىنىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان «تەپسىر جەۋھەرلىرى» ناملىق تەپسىردىن ژۇرنىلىمىزنىڭ ھەربىر سانىدا ئاز ـ ئازدىن بېرىشنى قارار قىلدۇق. بۇ ساندا ھۇزۇرۇڭلارغا فاتىھە سۈرىسىنىڭ تەپسىرى تەقدىم قىلدۇق.

فاتىھە سۈرىسى مۇددەسسىر سۈرىسىدىن كېيىن مەككىدە چۈشكەن يەتتە ئايەتلىك سۈرە بولۇپ، چۈشۈش تەرتىپى بويىچە ئەمەس، «قۇرئان كەرىم»گە ئورۇنلاشتۇرۇش تەرتىپى بويىچە بىرىنچى سۈرە بولغانلىقى ئۈچۈن، «ئاچقۇچى»، «باشلىغۇچى»، «مۇقەددىمە» دېگەن مەنىدە «**الفاتحة** ــ ئەل فاتىھە» دەپ ئاتالغان. بۇنىڭ ئاساسى ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ سۈرىنى «**فاتحة الكتاب**» (فاتىھەتۇل كىتاب) دەپ ئاتىغانلىقىدۇر. بۇ سۈرىنىڭ باشقا ئىسىملىرىمۇ بار بولۇپ، ئۇلار: ئانا كىتاب مەنىسىدىكى «**أم الكتاب** ــ ئۇممۇل كىتاب»؛ ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسىي ئەقىدىسىنى ۋە «قۇرئان كەرىم»نىڭ پۈتۈن مەزمۇنىنى ئىخچام ھالدا ئۆز ئىچىگە ئالغانلىق ئېتىبارى بىلەن «**الأساس** ــ ئەل ئاساس»؛ نامازلارنىڭ ھەربىر رەكئەتىدە تەكرار ئوقۇلىدىغان يەتتە ئايەت بولغانلىقى ئېتىبارى بىلەن تەكرارلانغۇچى يەتتە ئايەت مەنىسىدىكى «**سبع المثاني** ــ سەبئۇل مەسانىي» ۋە نۇرغۇنلىغان سىرلارغا ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن خەزىنە مەنىسىدىكى «**الكنز** ــ ئەل كەنز» دېگەن ئىسىملاردۇر.

فاتىھە سۈرىسىنىڭ پەزىلىتى ھەققىدە ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا: ‹ساڭا

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

مەسجىدتىن چىقىشتىن بۇرۇن قۇرئاندىكى ئەڭ ئۇلۇغ بىر سۈرىنى ئۆگىتىپ قويايمۇ؟» دەپ قولۇمنى تۇتتى. بىز مەسجىدتىن چىقماقچى بولغىنىمىزدا، مەن ئۇنىڭغا: «ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! سىز ماڭا قۇرئاندىكى ئەڭ ئۇلۇغ سۈرىنى ئۆگىتىپ قويىمەن دېگەن ئىدىڭىزغۇ؟» دېۋىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇ ﴿ ٱلْحَمْدُ لِلَّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ﴾ دۇر، بۇ سۈرە تەكرار ئوقۇلىدىغان يەتتە ئايەتتۇر ۋە ماڭا بېرىلگەن قۇرئاندۇر»[①] دېدى».

فاتىھە سۈرىسى مۇسۇلمانلارنىڭ كۈندىلىك بەش ۋاخ نامازلىرىدا تەكرارلىنىدۇ ۋە دۇئالاردا ئوقۇلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «فاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇمىغان ئادەمنىڭ نامىزى قوبۇل بولمايدۇ»[②] دەپ كۆرسەتكەن. مەنىسى ئېتىبارى بىلەن فاتىھە سۈرىسى ئەڭ كاتتا دۇئا ۋە مۇناجاتتۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەدىس قۇدسىيدا مۇنداق دەيدۇ: {قَالَ اللهُ تَعَالَى: قَسَمْتُ الصَّلَاةَ بَيْنِي وَبَيْنَ عَبْدِي نِصْفَيْنِ. وَلِعَبْدِي مَا سَأَلَ. فَإِذَا قَالَ الْعَبْدُ: ﴿ اَلْحَمْدُ لِلَّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ ﴾ قَالَ اللهُ تَعَالَى: حَمِدَنِي عَبْدِي. وَإِذَا قَالَ: ﴿ الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ ﴾ قَالَ اللهُ تَعَالَى: أَثْنَى عَلَيَّ عَبْدِي. وَإِذَا قَالَ: ﴿ مَالِكِ يَوْمِ الدِّينِ ﴾ قَالَ: مَجَّدَنِي عَبْدِي (وَقَالَ مَرَّةً: فَوَّضَ إِلَيَّ عَبْدِي) فَإِذَا قَالَ: ﴿ إِيَّاكَ نَعْبُدُ وَإِيَّاكَ نَسْتَعِينُ ﴾ قَالَ: هَذَا بَيْنِي وَبَيْنَ عَبْدِي وَلِعَبْدِي مَا سَأَلَ. فَإِذَا قَالَ: ﴿ اهْدِنَا الصِّرَاطَ الْمُسْتَقِيمَ. صِرَاطَ الَّذِينَ أَنْعَمْتَ عَلَيْهِمْ غَيْرِ الْمَغْضُوبِ عَلَيْهِمْ وَلَا الضَّالِّينَ﴾ قَالَ: {هَذَا لِعَبْدِي وَلِعَبْدِي مَا سَأَلَ} يەنى «ئاللاھ «نامازنى مەن بىلەن بەندەمنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىككىگە بۆلدۇم. بەندەم ئۆچۈن سورىغىنىنى بېرىمەن» دېدى. بەندە (فاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇشقا باشلاپ) ﴿الْحَمْدُ لِلَّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ ﴾ يەنى ﴿جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھقا خاستۇر﴾ دېگەندە، ئاللاھ «بەندەم مېنى مەدھىيەلىدى» دەيدۇ. ئۇ ﴿ الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ﴾. يەنى ﴿ئۇ شەپقەتلىك ۋە مېھرىباندۇر﴾ دېگەندە، ئاللاھ: «بەندەم مېنى ماختىدى» دەيدۇ. ئۇ ﴿ مَالِكِ يَوْمِ الدِّينِ ﴾يەنى ﴿ئۇ قىيامەت كۈنىنىڭ ئىگىسىدۇر﴾ دېگەندە، ئاللاھ: «بەندەم مېنى ئۇلۇغلىدى» دەيدۇ. ئۇ ﴿ إِيَّاكَ نَعْبُدُ وَإِيَّاكَ نَسْتَعِينُ ﴾ يەنى: ﴿ئى ئاللاھ! ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ۋە سەندىنلا مەدەت تىلەيمىز ﴾ دېگەندە، ئاللاھ: «بۇ مەن بىلەن بەندەم ئوتتۇرىسىدىكى ئىش، بەندەم ئۆچۈن سورىغىنى بار» دەيدۇ. ئۇ ﴿ اهْدِنَا الصِّرَاطَ الْمُسْتَقِيمَ. صِرَاطَ الَّذِينَ أَنْعَمْتَ عَلَيْهِمْ غَيْرِ الْمَغْضُوبِ عَلَيْهِمْ وَلَا الضَّالِّينَ﴾ يەنى: ﴿بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن، سەن ئىنئام قىلغان، غەزەپكە ئۇچرىمىغان ۋە (توغرا يولدىن) ئازمىغان كىشىلەرنىڭ يولىغا (باشلىغىن)﴾ دېگەندە، ئاللاھ: «بەندەمنىڭ بۇ تىلىكىنى قوبۇل قىلدىم. بەندەمگە تىلىگىنىنى بېرىمەن» دەيدۇ»[③].

① ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.
② ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.
③ ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

ئاللاھ تائالا بۇ ھەدىس قۇدسىيدىكى «نامازنى مەن بىلەن بەندەمنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىككىگە بۆلدۇم» دېگەن سۆزىدە، فاتىھە سۈرىسىنى فاتىھە سۈرىسى دېمەستىن، ناماز دەپ ئاتىغان. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، فاتىھە سۈرىسى نامازنىڭ ئەڭ ئاساسلىق رۇكنىدۇر.

«قۇرئان كەرىم» پۈتۈن ئىنسانىيەتنى توغرا يولغا باشلاش ئۈچۈن چۈشۈرۈلگەن بىردىنبىر ھىدايەت مەنبەسى بولسا، فاتىھە سۈرىسى ئۇنىڭ نېگىزىدۇر. شۇڭا ئۇ «ئانا كىتاب» دەپ ئاتالغان.

## فاتىھە سۈرىسى

﴿ بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ (1) الْحَمْدُ لِلَّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ (2) الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ (3) مَالِكِ يَوْمِ الدِّينِ (4) إِيَّاكَ نَعْبُدُ وَإِيَّاكَ نَسْتَعِينُ (5) اهْدِنَا الصِّرَاطَ الْمُسْتَقِيمَ (6) صِرَاطَ الَّذِينَ أَنْعَمْتَ عَلَيْهِمْ غَيْرِ الْمَغْضُوبِ عَلَيْهِمْ وَلَا الضَّالِّينَ (7) ﴾

### تەرجىمىسى

1- ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

2- جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھقا خاستۇر.

3- ئۇ شەپقەتلىك ۋە مېھرىباندۇر.

4- ئۇ قىيامەت كۈنىنىڭ ئىگىسىدۇر.

5- (ئى رەببىمىز!) ساڭىلا ئىبادەت[1] قىلىمىز ۋە سەندىنلا مەدەت تىلەيمىز.

6- بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن.

7- سەن ئىنئام قىلغان، غەزەپكە ئۇچرىمىغان ۋە (توغرا يولدىن) ئازمىغان كىشىلەرنىڭ يولىغا (باشلىغىن).

### تەپسىرى

فاتىھە سۈرىسى باشتىن ئاخىر تەلىمات ۋە كۆرسەتمە بولۇپ، ئاللاھ تائالا بۇ سۈرىنى ﴿بِسْمِ اللَّـهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ﴾ «بىسمىللاھىر رەھمانىررەھىم» بىلەن باشلاش ئارقىلىق بىزگە دىن ۋە دۇنيالىق پۈتۈن ئىشلىرىمىزنى ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىش ۋە ئۇنىڭدىن ياردەم تىلەش بىلەن باشلاشنىڭ بىز ئۈچۈن ياخشى ئىكەنلىكىنى، ئاللاھ تائالا ئالەملەرنىڭ يېگانە ئىگىسى ۋە رەببى، بەندىلىرىگە چەكسىز مېھىر ـ شەپقەتلىك، خۇسۇسەن مۆئمىنلەرگە ناھايىتى مېھرىبان، قىيامەت كۈنىدە بەندىلەرنى تىرىلدۈرۈش، ئۇلاردىن ھېساب ئېلىش، ئاندىن ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتى توغرۇلۇق ئادالەتلىك ھۆكۈم چىقىرىش قاتارلىق ئىشلارنىڭ يېگانە ئىگىسى بولغانلىقى ئۈچۈن بارچە ماختاش ۋە مەدھىيەلەرنىڭ ئۇنىڭغىلا خاس ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭغا ھەمىشە ھەمدۇسانا ئېيتىش ئارقىلىق ئۇنىڭغا مەدھىيە ئوقۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئۆگەتكەن.

ئاندىن يۇقىرىقى كاتتا سۈپەتلەرگە ئىگە بولغان ئۇلۇغ زات قۇلچىلىق قىلىنىشقا ۋە ياردەم سورۇلۇشقا تامامەن

[1] ئىبادەت - ئاللاھ تائالا كۆرسەتكەن بويىچە ھايات كەچۈرۈش ئارقىلىق ئۇنىڭغا بەندىچىلىك بۇرچىنى ئادا قىلىش دېگەنلىكتۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

ھەقلىق بولغان بىرلا ئىلاھ بولغانلىقتىن، ئىبادەتنى ۋە بارچە قۇلچىلىقنى ئۇنىڭ ئۆزىگىلا قىلىش، مەددەت ۋە ياردەمنى ئۇنىڭدىنلا سوراشنىڭ زۆرۈرلىكىنى، شۇنداقلا بىزنى ئۆزىنىڭ غەزىپىگە ئۇچرىغان يەھۇدىيلارنىڭ ۋە توغرا يولدىن ئازغان خرىستىيانلارنىڭ قىڭغىر يولىغا ئەمەس، ئۆزى ئىنئام قىلغان پەيغەمبەرلەرنىڭ، ئۆلگىلىك بەندىلەرنىڭ ۋە شېھىتلارنىڭ يولىغا باشلىشىنى ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىدىن تىلەشنىڭ مۇھىملىقىنى ئۆگەتكەن.

ئىسلام مۇتەپەككۇرى مەرھۇم سەييىد قۇتۇب «في ظلال القران» (قۇرئان سايىسىدا) ناملىق تەپسىرىدە فاتىھە سۈرىسى توغرۇلۇق توختىلىپ، مۇنداق دېگەن: «مۇسۇلمان كىشى بۇ لەۋزى قىسقا، مەنىسى مول سۈرىنى كۈندىلىك بەش ۋاخ نامازلىرىنىڭ پەرزلىرىدىلا ھەر كۈنى ئاز دېگەندە 17 قېتىم تەكرار ئوقۇيدۇ، سۈننەتلىرى بىلەن قوشقاندا ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ قېتىم تەكرارلايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا كۈندىلىك دۇئالىرىدىمۇ شۇنداق كۆپ ئوقۇيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: ‹فاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇمىغان كىشىنىڭ نامىزى ئادا تاپمايدۇ›[1] دېگەنلىكىگە ئاساسەن، نامازنىڭ ھەربىر رەكئىتىدە فاتىھە سۈرىسنى ئوقۇش پەرزدۇر. بۇ سۈرە ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ، ئىسلامىي تەسەۋۋۇرنىڭ، ئىسلام كۆرسەتمىلىرىنىڭ ئاساسى بولۇپ، بۇ سۈرىنىڭ نامازنىڭ ھەربىر رەكئىتىدە تەكرارلىنىشقا تاللانغانلىقى ۋە ئۇنىڭسىز ناماز ئادا تاپمايدىغانلىقىدا ئەلۋەتتە ھېكمەت بار»[2].

فاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇماستىن ناماز ئادا بولامدۇ؟ دېگەن مەسىلىدە، فۇقەھالار (ئىسلام فىقھشۇناس ئالىملىرى) ئىختىلاپ قىلىشقان بولۇپ، شافىئىي، مالىكى ۋە ھەنبەلىي مەزھەپلىرىنىڭ قارىشىدا، فاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇماستىن ھېچبىر ناماز ئادا تاپمايدۇ. ئەمما ھەنەفىي، سەۋرى مەزھەپلىرىنىڭ كۆزقارىشىچە، نامازدا قىسقا ئايەتلەردىن ئۈچ ئايەت مىقداردا ياكى ئۇزۇن ئايەتلەردىن بىر ئايەت ئوقۇش پەرزدۇر، ئەمما فاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇش بولسا ۋاجىپتۇر. شۇڭا بۇ ئىككى مەزھەپنىڭ قارىشىدا، نامازدا فاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇمىغان كىشىنىڭ نامىزى بۇزۇلمايدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا: ﴿فَاقْرَءُوا مَا تَيَسَّرَ مِنَ الْقُرْآنِ﴾ يەنى ﴿قۇرئاندىن ئوڭاي بولغانىنى ئوقۇڭلار﴾[3] دەپ بۇيرۇغان. يۇقىرىقى ئۈچ مەزھەپكە كۆرە، فاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇمىغان كىشىنىڭ نامىزى قوبۇل بولمايدۇ. بۇ مەسىلىدە، يۇقىرىقى ئۈچ مەزھەپنىڭ قارىشى كۈچلۈكتۇر. چۈنكى

[1] ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

[2] «في ظلال القرآن» فاتىھە سۈرىسىنىڭ تەپسىرى.

[3] مۇززەممىل سۈرىسى20-ئايەت.

يۇقىرىدا كەلتۈرۈلگەن ھەدىس بۇنى پەرز قىلىدۇ.

فاتىھە سۈرىسى ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ نېگىزىنى، ئىبادەتلەرنىڭ سىستېمىلىرىنى ۋە ئەمەل ـ ئىبادەتلەرنىڭ قوبۇل بولۇش پىرىنسىپىنى، شۇنداقلا دۇئانىڭ ئەدەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سۈرە بولۇپ، نامازنىڭ ھەر بىر رەكئىتىدە بۇ سۈرىنىڭ تەكرارلىنىشىمۇ مۇشۇ ھېكمەتكە ئاساسەن يولغا قويۇلغان. «قۇرئان كەرىم»نىڭ باشلىنىشى بولغان بۇ سۈرە ﴿بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ﴾ بىلەن باشلانغان بولۇپ، بۇ كۆپلىگەن ئالىي ھېكمەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئېلىش بىلەن بىر قاتاردا، ئاللاھ تائالانىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيى قىلىشتىكى تولىمۇ گۈزەل ۋە ئۆزگىچە ئۇسلۇبىدۇر. چۈنكى، ھەرقانداق بىر مەۋجۇداتنىڭ بارلىققا كېلىشى ئاللاھ تائالانىڭ مەڭگۈلۈك مەۋجۇدىيىتىدىن ئىبارەت ئېسىل سۈپىتى ئارقىسىدىلا ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، ھەر قانداق باشلىنىش ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلىنىدۇ، كائىناتتىكى ھەرقانداق ئىش ـ ھەرىكەت ئاللاھ تائالانىڭ ئىسمى بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. فۇقەھالارنىڭ كۆپ سانلىقى دىن ۋە دۇنيالىق ھەرقانداق بىر ئىشنى ﴿بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ﴾ باشلاش كېرەكلىكىدە بىرلىككە كەلگەن.

ئاللاھ تائالانىڭ ﴿بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ﴾ دېگەن ئايەتتىكى بۇ ئىككى سۈپىتى پۈتكۈل شەپقەت ۋە رەھمەت تۈرلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سۈپەتلەردۇر.

ئەللامە مۇھەممەد مۇختار شىنقىتى «أضواء البيان في إيضاح القرآن» ناملىق تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ ﴾ دېگەن ئىككى سۈپەت ئاللاھ تائالانىڭ ئاساسلىق سۈپەتلىرىدىن بولغىنىدەك، ئۇنىڭ گۈزەل ئىسملىرىدىن سانىلىدۇ. بۇ ئىككى سۈپەت «الرحمة» دېگەن سۆز يىلتىزىدىن كەلگەن بولۇپ، ھەر ئىككىلىسى ئاللاھ تائالا چەكسىز رەھىم-شەپقىتىنى ئىپادىلەيدۇ. ﴿الرَّحْمَنِ﴾ دېگەن سۈپەت﴿الرَّحِيمِ﴾ دېگەن سۈپەتكە نىسبەتەن ئومۇملىقنى ئىپادىلەيدىغان ۋە شەپقەت تۈرلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان سۈپەتتۇر. كۆپ سانلىق ئۆلىمالار "الرَّحْمَنِ" ئاللاھ تائالانىڭ بۇ دۇنيادا بارلىق مەخلۇقاتقا رەھىم- شەپقەت قىلىدىغانلىقىنى، "الرَّحِيمِ" ئاللاھ تائالانىڭ ئاخىرەتتە مۆئمىنلەرگىلا رەھىم- شەپقەت قىلىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان سۈپەتلەردۇر، دەپ قارايدۇ»①.

﴿الْحَمْدُ لِلَّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ ﴾ دېگەن بۇ بارلىق مەدھىيە ۋە ماختاشلار، جىمى شۈكۈر ۋە تەشەككۈرلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھ تائالاغىلا خاس ئىكەنلىكىنى، ئاللاھ تائالانىڭ ئەڭ

① «أضواء البيان في إيضاح القرآن » فاتىھە سۈرىسىنىڭ تەپسىرى.

www.uyghurkitap.com

مۇكەممەل مەدھىيە بىلەن سەممىي شۈكۈرگە لايىق زات ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان ئايەتتۇر.

﴿الْحَمْدُ لِلَّهِ﴾ ئاللاھ تائالانى مەدھىيەلەش بىلەن بىللە ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلىش دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئىنسانلار ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزلىرىگە ئاتا قىلغان نېمەتلىرىنى ئېتىراپ قىلىپ ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلسۇن ياكى تۈزكورلۇق قىلىپ شۈكۈر قىلمىسۇن، بارلىق مەدھىيە ۋە شۈكۈر ئاللاھ تائالاغا خاس دېگەنلىكنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: ﴿الْحَمْدُ لِلَّهِ﴾ يەنى ﴿بارچە مەدھىيە ۋە ماختاشلار ئاللاھقا خاستۇر، ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلىمەن﴾ دېگەنگە ئوخشاش.

ئەللامە ئىبنى جەرىر تەبەرى مۇنداق دېگەن: « ﴿الْحَمْدُ لِلَّهِ﴾ دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى: خالىس شۈكۈر پەقەتلا ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھنىڭ بەندىلىرىگە ئاتا قىلغان سانسىزلىغان نېمەتلىرى، ئىنئاملىرى، ئىنسان ئەزالىرىنى ئۇنىڭ دىن ۋە دۇنيالىق مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا قىلىشىغا يارامىلىق قىلىپ ياراتقانلىقى، ئىنسانغا رىزىق ئىشىكلىرىنى ئاچقانلىقى، ئۇنىڭغا ئۆزى ئويلىمىغان يەرلەردىن بېرىپ تۇرۇۋاتقانلىقى، ئاخىرەتتە مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئېرىشىشنىڭ يوللىرىنى ئوڭايلاشتۇرۇپ بەرگەنلىكى قاتارلىق ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان نېمەتلەرنى ئاتا قىلغانلىقى ئۇنىڭغا سانسىزلىغان شۈكۈرلەرنى ئېيتىشىمىزنى تەقەززا قىلىدۇ. ئۇلۇغ رەببىمىز ئاللاھ تائالاغا ئۇنىڭ بارلىق نېمەتلىرى ئۈچۈن مىڭلارچە شۈكۈرلەر بولسۇن!

ھەكەم ئىبنى ئۇمەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «سەن ﴿الْحَمْدُ لِلَّهِ﴾ دېگەن ۋاقتىڭدا، ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلغان بولىسەن ۋە ئاللاھ ساڭا تېخىمۇ كۆپ بېرىدۇ» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان. يەنە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: ﴿الْحَمْدُ لِلَّهِ﴾ دېگەنلىك ئاللاھقا شۈكۈر قىلغانلىق ۋە ئۇنىڭ نېمەتلىرىنى ئېتىراپ قىلغانلىق ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان»[1].

دېمەك، «ئەھۋالىڭىز قانداق؟»دەپ سورالغاندا بىز ئۇيغۇرلارنىڭ «ئاللاھقا شۈكۈر» دەپ جاۋاب بېرىشىمىز ﴿الْحَمْدُ لِلَّهِ﴾ دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى قىسمەن ئورۇندايدۇ. ئەرەبلەر «ئەھۋالىڭىز قانداق؟»دەپ سورالغاندا ﴿الْحَمْدُ لِلَّهِ﴾ دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە، ﴿الْحَمْدُ﴾ بىلەن «الشكر» دېگەن ئىككى سۆز ئوتتۇرىسىدا مۇتلەقلىق ۋە خاسلىق پەرقى بار. چۈنكى تەشەككۈر ۋە رەھمەت بىراۋنىڭ مەلۇم ياخشىلىقى بەدىلىگە ئېيتىلىدىغان ۋاپا بۇرچى بولسا، ھەمدۇسانا ئاللاھ تائالاغا ھەر زامان ۋە ھەر جايدا ئېيتىلىدىغان ئۇلۇغۋار ئىنسانىي ۋە دىنىي بۇرچتۇر. شۇڭا ھەمدۇسانا شۈكۈردىن چوڭدۇر. چۈنكى شۈكۈر ئاللاھ تائالانىڭ بىزگە

[1] «تفسير الطبري» 1- 135- بەت.

مەلۇم بولغان ئىنئاملىرى ئۈچۈن ئېيتىلىدىغان رەھمەت سۆزى بولسا، ھەمدۇسانا ئاللاھ تائالانىڭ بىزگە بىلىنگەن ۋە بىلىنمىگەن جىمى ئىنئاملىرى ۋە ياخشىلىقلىرى ئۈچۈن ئېيتىلىدىغان دىنىي ۋە ئىنسانىي مەجبۇرىيەتتۇر.

﴿ رَبِّ الْعَالَمِينَ ﴾ دېگەن ئايەت ئاللاھ تائالانىڭ بارلىق ئالەملەرنىڭ ياراتقۇچى ئىگىسى ۋە ھەممىنى پەرۋىش قىلىپ تۇرغۇچى رەببى دېگەننى ئىپادىلەيدۇ.

ئالەم ـ ئاللاھ تائالادىن باشقا ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان سۆز بولۇپ، ھەربىر مەۋجۇدات تۈرى بىر ئالەمدۇر. مەسىلەن: ئىنسانلار ئالىمى، پەرىشتىلەر ئالىمى، جىنلار ئالىمى، ھايۋاناتلار ئالىمى، ئۆسۈملۈكلەر ئالىمى، جانسىزلار مەۋجۇداتلار ئالىمى قاتارلىق بارلىق ئالەملەرنى كۆرسىتىدۇ. ئالەم دېگەن سۆز كۆپلىگەن ئايەتلەردە مۇشۇ مەنىدە كەلگەن.

﴿المَالِكِ﴾ دېگەن سۆز لۇغەتتە ئىگە، ئىگىدارچىلىق قىلغۇچى، باشقۇرغۇچى دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. ﴿مَالِكِ يَوْمِ الدِّينِ﴾ دېگەن ئايەتتىكى ﴿مَالِكِ﴾ دېگەن سۆز ئاللاھ تائالانىڭ قىيامەت كۈنىدىكى يېگانە پادىشاھلىقىنى بىلدۈرىدۇ. گەرچە ئاللاھ تائالا بۇ دۇنيادىمۇ، ئاخىرەتتىمۇ يېگانە، تەڭداشسىز پادىشاھ بولسىمۇ، بۇ ئايەتتە ﴿ئۇ قىيامەت كۈنىنىڭ ئىگىسىدۇر﴾ دېيىشنىڭ سەۋەبى شۇكى، قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالانىڭ پادىشاھلىقى، ئادالىتى، ھېكمىتى تولۇق ۋە ئاشكارا ئوتتۇرىغا چىقىدىغان، دۇنيانىڭ پادىشاھلىرى بىلەن پۇقرالىرى، كۈچلۈكلىرى بىلەن ئاجىزلىرى ئوخشاش مەرتىۋىدە بولۇپ قالىدىغان كۈندۇر.

ئەرەب تىلىدىكى «العبادة» يەنى «ئىبادەت» دېگەن سۆز لۇغەت ئېتىبارى بىلەن: بويسۇنۇش، ئىتائەت قىلىش دېگەن مەنىنى ئىپادىلىسە[①]، ئىسلام دىنى ئاتالغۇسىدا ئىبادەت ئاللاھ تائالا ياخشى كۆرىدىغان ۋە رازى بولىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ئىسىمدۇر[②]. ئىبادەت ئاللاھ تائالاغىلا قىلىنىدۇ. بۇ تەرىپكە ئاساسلانغاندا، «ئىبادەت» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى كەڭ بولۇپ، ئىبادەتنى ئىسلامدا ۋاقتى، كەيپىيىتى بەلگىلەنگەن ناماز، روزا، زاكات ۋە ھەج قاتارلىق ئىبادەتلەرگىلا قىسقارتىپ قويغاندا، ئىسلامدا كۆزدە تۇتۇلغان ئىبادەتنىڭ مەنىسى تولۇق ئوتتۇرىغا چىقمايدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا ياخشى كۆرىدىغان ۋە رازى بولىدىغان ئىشلار مەزكۇر ئىبادەتلەر بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. «قۇرئان كەرىم» دە كەلگەن: ﴿اعْبُدُوا رَبَّكُمْ ﴾ يەنى ﴿رەببىڭلارغا ئىبادەت قىلىڭلار ﴾ دېگەن ئايەت ئاللاھ

① «لىسانۇل ئەرەب» 5 ـ توم، 2776 ـ بەت.
② شەيخۇلئىسلام ئىبن تەيمىيەنىڭ «ئەل ئۇبۇدىيە» ناملىق ئەسىرى 1 ـ بەت.

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

تائالاغا ئىتائەت قىلغۇچىلار، ئۇنىڭ بۇيرۇغىنى بويىچە ئىش قىلغۇچىلار دېگەنلىك بولۇپ، ھاياتىڭلارنى ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا ئۇدۇللاپ، ئۇنىڭ بۇيرۇغىنى ۋە تەلەپ قىلغىنى بويىچە ياشاڭلار دېگەننى ئىپادىلەيدۇ. بۇ ئىبادەتنىڭ ئومۇمىي مەنىسى بولۇپ، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، روزا تۇتۇش، ھەج قىلىش، قۇرئان تىلاۋەت قىلىش دېگەنگە ئوخشىغان ئىبادەتلەر بىز تەرىپلىگەن ئومۇمىي ئىبادەتنىڭ بىر قىسمىدۇر. قىسقىسى، ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان بويىچە ياشىغان مۇسۇلمان ئادەمنىڭ ھاياتى پۈتۈنلەي ئىبادەتتۇر. چۈنكى ئىبادەت مۇسۇلمان ئادەمنىڭ ھاياتىنىڭ ھەممە ساھەلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

«ئىبادەت دىنىنىڭ، شۇنداقلا ھاياتلىقنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغىنىدەك، مۇسۇلمان ئادەمنىڭ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن بارلىق ئىشلىرىنى، تىلى ۋە دىلىنىڭ ئەمەللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ»[①]. دېمەك، «ئىبادەت»نىڭ مەنىسى ئەنە شۇنداق چوڭقۇر ۋە كەڭدۇر. ئەپسۇسكى، بىزنىڭ ئۇيغۇر تىلىمىزدا «ئىبادەت»دېگەن سۆز ھەممىمىز بىلىدىغان ناماز، روزا، زاكات، ھەج-ئۆمرە، قۇرئان ئوقۇش، سەدىقە بېرىش قاتارلىق شۇ ساناقلىق ئىبادەتلەرنى ئىپادىلەيدىغان بولۇپ قالغان. ھالبۇكى، ئىبادەت مۇسۇلمان ئادەمنىڭ ھاياتىنىڭ بارلىق ساھەلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

﴿**الاستعانة**﴾ دېگەن سۆز لۇغەتتە ياردەم سوراش دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، ئىسلام دىنى ئاتالغۇسىدا ياخشىلىققا ئېرىشىش، زىياندىن ساقلىنىش، ئاللاھ تائالا كۆرسەتكەن بويىچە ھايات كەچۈرۈش قاتارلىق دىن ۋە دۇنيالىق بارلىق ئىشلاردا ئاللاھ تائالاغا چىن دىلىدىن ئىشەنچ قىلىپ، ئۇنىڭ ياردىمىگە تايىنىش دېگەنلىكتۇر. ﴿**إِيَّاكَ نَعْبُدُ وَإِيَّاكَ نَسْتَعِينُ**﴾ دېگەن ئايەتتىكى ﴿**وَإِيَّاكَ**﴾ دېگەن سۆز خاسلىقنى ئىپادىلەيدىغان سۆز بولۇپ، بۇ سۆزنىڭ ﴿**وَإِيَّاكَ**﴾ بىلەن ﴿**نَسْتَعِينُ**﴾ نىڭ ئالدىغا كەلگەنلىكى قۇلچىلىقنى ۋە بارلىق ئىبادەتنى پەقەت ئاللاھ تائالاغىلا قىلىمىز، ھەرقانداق ياردەم ۋە مەدەتنى پەقەت ئاللاھ تائالادىنلا سوراپ، ئۇنىڭ ئۆزىگىلا تايىنىمىز، دېگەنلىكنى ئىپادىلەش ئۈچۈندۇر.

﴿**اهْدِنَا الصِّرَاطَ الْمُسْتَقِيمَ**﴾دېگەن ئايەت ئەڭ ئەھمىيەتلىك ۋە ئەڭ كاتتا دۇئانى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئايەت بولۇپ، دۇنيانىڭ نېمەتلىرىنىڭ ئىچىدە توغرا يولغا ھىدايەت تېپىشتىن كاتتا نېمەت يوقتۇر. چۈنكى توغرا يولدا ماڭغان ئادەمنىڭ دۇنيالىقى ۋە ئاخىرەتلىكى ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كاپالەتكە ئېلىنغان بولىدۇ.

شەكسىزكى، توغرا يول ئاللاھ

(①) دوكتور يۈسۈف ئەل قەرداۋىينىڭ «العبادة في الإسلام» ناملىق ئەسىرىدىن.

تائالانىڭ يولى بولغان ئىسلام يولى بولۇپ، ئۇ «سىراتۇل مۇستەقىم» دەپ ئاتىلىدۇ. سىراتۇل مۇستەقىم بىزنى بۇ دۇنيادا بەختلىك ھاياتقا، ئاخىرەتتە جەننەتكە ئېلىپ بارىدىغان داغدام يولدۇر.

ئەللامە مۇھەممەد مۇتەۋەللى شەئراۋى مۇنداق دېگەن: «ھىدايەت ئومۇم ۋە خاسلىق ئېتىبارى بىلەن **«هداية دلالة وهداية معونة»** يەنى (يول كۆرسىتىش مەنىسىدىكى ھىدايەت ۋە ياردەم قىلىش مەنىسىدىكى ھىدايەت) دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

يول كۆرسىتىش مەنىسىدىكى ھىدايەت پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە قارىتىلغان ئومۇمىي ھىدايەت بولۇپ، بۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانىيەتنى ئىسلام دىنىغا دەۋەت قىلغىنىدۇر. ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا ئىنسانلارغا پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىپ، كىتابلارنى چۈشۈرۈپ، ئۇلارنى ھەق دىنغا دەۋەت قىلدى، ئۇلارغا نېمىنىڭ توغرا، نېمىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتەر بەخت- سائادەتكە ئېرىشتۈرىدىغان ھەق يولنى ئېنىق بايان قىلىپ كۆرسەتتى ۋە ئۇلارنى شۇ يولغا دەۋەت قىلدى. ئەمما ئىنسانلارنىڭ بەزىسى بۇ دەۋەتنى قوبۇل قىلىپ ھەق يولغا ئەگەشكەن بولسا، يەنە بەزىسى بۇ ئىلاھىي دەۋەتنى قوبۇل قىلماي، ئازغۇنلۇقتا قېلىشنى ئۆزلىرىگە راۋا كۆردى. ئىلاھىي ھىدايەتنى قوبۇل قىلىپ، پەيغەمبەرلەرگە ئەگەشكەنلەر «مۇئمىن» دەپ ئاتالدى، بۇ دەۋەتنى قوبۇل قىلماي، پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغانلار «كاپىر»دەپ ئاتالدى. شۇنىڭ بىلەن «مۇئمىن»، «كاپىر»دىن ئىبارەت ئىككى پىرقە ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇ ھىدايەتنىڭ ئەمەلىي ئىپادىسىدۇر. ئاللاھ تائالا بۇ تۈردىكى ھىدايەتنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَأَمَّا ثَمُودُ فَهَدَيْنَاهُمْ فَاسْتَحَبُّوا الْعَمَى عَلَى الْهُدَى فَأَخَذَتْهُمْ صَاعِقَةُ الْعَذَابِ الْهُونِ بِمَا كَانُوا يَكْسِبُونَ**﴾ يەنى ﴿سەمۇد (قەۋمى) گە كەلسەك، ئۇلارغا توغرا يولنى كۆرسەتكەن ئىدۇق، ئەمما ئۇلار ھىدايەتتىن كورلۇقنى (ئىماننىڭ ھەقىقەتلىرىنى كۆرمەسلىكنى) ئارتۇق بىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى ئۆز قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن خار قىلغۇچى چاقماق ئازابى ھالاك قىلدى﴾[1].

ياردەم قىلىش مەنىسىدىكى ھىدايەت مۇئمىنلەرگىلا خاس ھىدايەت بولۇپ، ئاللاھ تائالا ھەق دىنغا ھىدايەت تاپقان مۇئمىنلەرگە ياردەم قىلىپ ئۇلارنى توغرا يولدا مۇستەھكەم قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ھىدايىتىنى تېخىمۇ زىيادە قىلىدۇ، تەقۋالىقىنى ئاشۇرىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ تۈردىكى ھىدايەتنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَالَّذِينَ اهْتَدَوْا زَادَهُمْ هُدًى وَآتَاهُمْ تَقْوَاهُمْ**﴾ يەنى ﴿ھىدايەت تاپقانلارغا كەلسەك، ئاللاھ ئۇلارغا ھىدايەتنى زىيادە قىلىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ تەقۋالىقىنى ئاشۇرىدۇ﴾[2] »[1]

---

[1] سۈرە فۇسسىلەت: 17- ئايەت.
[2] سۈرە مۇھەممەد: 17- ئايەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھىدايەت ماھىيىتى جەھەتتىن يەنە ئىككى تۈرلۈك بولۇپ: بىرى «هداية توفيق» يەنى (توغرا يولغا مۇۋەپپەق قىلىش مەنىسىدىكى ھىدايەت)، يەنە بىرى، «هداية إرشاد» يەنى (توغرا يولنى كۆرسىتىپ قويۇش مەنىسىدىكى ھىدايەت)دۇر.

توغرا يولغا مۇۋەپپەق قىلىش مەنىسىدىكى ھىدايەت پەقەتلا ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدە بولغان ھىدايەت بولۇپ، ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم كىشىلەرنى ھىدايەتكە مۇۋەپپەق قىلالمايدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ تۈردىكى ھىدايەتنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ إِنَّكَ لَا تَهْدِي مَنْ أَحْبَبْتَ وَلَكِنَّ اللَّهَ يَهْدِي مَنْ يَشَاءُ وَهُوَ أَعْلَمُ بِالْمُهْتَدِينَ﴾ يەنى ﴿(ئى پەيغەمبەر!) شۈبھىسىزكى، سەن ياخشى كۆرگەن ھەركىمنى ھىدايەت قىلالمايسەن، پەقەت ئاللاھ ئۆزى خالىغان ئادەمنى ھىدايەت قىلىدۇ. (چۈنكى) ئۇ ھىدايەت تاپقۇچىلارنى ئوبدان بىلىدۇ﴾②.

ئەمما توغرا يولنى كۆرسىتىپ قويۇش مەنىسىدىكى ھىدايەت پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ۋارىسلىرى بولغان ئۆلىمالارنىڭ كىشىلەرنى دىنغا چاقىرىشتىن ئىبارەت بولغان ھىدايىتى بولۇپ، بۇ ھىدايەت پەيغەمبەرلەرنىڭ قولىدىن كەلگەندەك، ھەرقانداق بىر مۇسۇلماننىڭمۇ قولىدىن كېلىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ تۈردىكى ھىدايەتنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِنَّكَ لَتَهْدِي إِلَى صِرَاطٍ مُسْتَقِيمٍ ﴾ يەنى ﴿شەك-شۈبھىسىزكى سەن توغرا يولغا باشلايسەن﴾③.

﴿اهْدِنَا الصِّرَاطَ الْمُسْتَقِيمَ﴾دېگەن ئايەتتىكى ھىدايەتتىن پەقەتلا ئاللاھ تائالانىڭ قولىدىن كېلىدىغان توغرا يولغا مۇۋەپپەق قىلىش مەنىسىدىكى ھىدايەت كۆزدە تۇتۇلىدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالادىن باشقا بىرىگە ﴿اهْدِنَا﴾ دەپ دۇئا قىلىنمايدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم ئىنسانلارنى ھىدايەتكە مۇۋەپپەق قىلالمايدۇ.

﴿صِرَاطَ الَّذِينَ أَنْعَمْتَ عَلَيْهِمْ﴾ دېگەن ئايەتتىكى ئاللاھ تائالا ئىنئام قىلغان كىشىلەرنىڭ كىملەر ئىكەنلىكىنى بىلمەكچى بولسىڭىز، مۇنۇ ئايەتنى ئوقۇڭ: ﴿وَمَنْ يُطِعِ اللَّهَ وَالرَّسُولَ فَأُولَئِكَ مَعَ الَّذِينَ أَنْعَمَ اللَّهُ عَلَيْهِمْ مِنَ النَّبِيِّينَ وَالصِّدِّيقِينَ وَالشُّهَدَاءِ وَالصَّالِحِينَ وَحَسُنَ أُولَئِكَ رَفِيقًا﴾يەنى ﴿كىمكى ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىدىكەن، ئەنە شۇلار ئاللاھنىڭ نېمىتىگە ئېرىشكەن پەيغەمبەرلەر، راستچىللار، شېھىتلەر ۋە ياخشىلار بىلەن بىللە بولىدۇ، ئۇلار نېمىدېگەن ياخشى ھەمراھلار!﴾④. دېمەك، ئاللاھ تائالانىڭ ئىنئامىغا سازاۋەر بولغان كىشىلەر پەيغەمبەرلەر، راستچىللار، شېھىتلەر ۋە ياخشىلاردۇر.

① «تفسير شعراوي» فاتىھە سۈرىسىنىڭ تەپسىرى.
② سۈرە قەسەس :56- ئايەت.
③ سۈرە شۇرا :52- ئايەت.
④ سۈرە نىسا :69- ئايەت.

﴿غَيْرِ الْمَغْضُوبِ عَلَيْهِمْ وَلَا الضَّالِّينَ﴾ دېگەن ئايەتتىكى غەزەپ قىلىنغانلار يەھۇدىيلارغا ئوخشاش ھەق دىنىنى ئوبدان بىلىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە خىلاپلىق قىلىش ئارقىلىق ئاللاھ تائالانىڭ لەنىتىگە ۋە غەزىپىگە تېگىشلىك بولغانلارنى كۆرسىتىدۇ.

توغرا يولدىن ئازغانلار خىرىستىيانلارغا ئوخشاش ئاللاھ تائالانىڭ يولىدىن ئادىشىپ، خاتا يولغا كىرىپ قالغان ۋە شۇ خاتا يولدا مېڭىشنى داۋاملاشتۇرغانلارنى كۆرسىتىدۇ.

﴿اهْدِنَا الصِّرَاطَ الْمُسْتَقِيمَ صِرَاطَ الَّذِينَ أَنْعَمْتَ عَلَيْهِمْ غَيْرِ الْمَغْضُوبِ عَلَيْهِمْ وَلَا الضَّالِّينَ﴾ دېگەن ئايەتلەرنىڭ مەنىسى: ئى رەببىمىز! سەن بىزنى جەننەتكە ئېلىپ بارىدىغان، قىڭغىرلىق بولمىغان، تۈپتۈز، داغدام يولغا ـ سېنىڭ ئىنئامىڭغا ئېرىشكەن، غەزىپىڭگە ئۇچرىمىغان، سېنىڭ يولۇڭدىن ئازمىغان كىشىلەرنىڭ يولىغا باشلىغىن، بىزنىڭ ئاشۇ داغدام يولدا ئىزچىل مېڭىشىمىز ئۈچۈن، بىزگە ياردەم قىلغىن، مەدەت بەرگىن، دېگەنلىكتۇر.

بۇ ئايەتتىكى بەدىئىي ئىپادىلەش ئۇسلۇبى

شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە مۇنداق دېگەن: « ‹قۇرئان كەرىم›نىڭ گۈزەل ئۇسلۇبلىرىدىن بىرى شۇكى، ئىنئام قىلىش، رەھىم-ـ شەپقەت قاتارلىقلار ئاللاھ تائالاغا مەنسۇپ قىلىنىدۇ. ئەمما ئاللاھ تائالانىڭ جازاسى ۋە ئازابى قاتارلىقلار ئاللاھ تائالاغا بىۋاسىتە مەنسۇپ قىلىنماستىن، مەجھۇل ھالىتىدە بايان قىلىنىدۇ. بۇ ‹قۇرئان كەرىم› ئايەتلىرىدىكى ئاللاھ تائالاغا بولغان چوڭقۇر ھۆرمەت، ئېھتىرامنىڭ ئىپادىسىدۇر. مەسىلەن: ﴿اهْدِنَا الصِّرَاطَ الْمُسْتَقِيمَ . صِرَاطَ الَّذِينَ أَنْعَمْتَ عَلَيْهِمْ غَيْرِ الْمَغْضُوبِ عَلَيْهِمْ وَلَا الضَّالِّينَ ﴾ دېگەن ئايەتتە ﴿أَنْعَمْتَ عَلَيْهِمْ ﴾ يەنى ﴿سەن ئىنئام قىلغان كىشىلەر﴾ دېيىش ئارقىلىق ئىنئامنى ئاللاھ تائالاغا مەنسۇپ قىلغانغا، ﴿ الْمَغْضُوبِ عَلَيْهِمْ ﴾ يەنى ﴿غەزەپكە ئۇچرىغانلار﴾ دېيىش ئارقىلىق غەزەپنى بىۋاسىتە ئاللاھ تائالاغا مەنسۇپ قىلمىغانغا ئوخشاش.

بۇنىڭ ئوخشىشى ﴿ الَّذِي خَلَقَنِي فَهُوَ يَهْدِينِ . وَالَّذِي هُوَ يُطْعِمُنِي وَيَسْقِينِ . وَإِذَا مَرِضْتُ فَهُوَ يَشْفِينِ ﴾ يەنى مېنى ياراتقان، ماڭا توغرا يولنى كۆرسەتكەن زات ـ شۇدۇر. ماڭا يېگۈزگەن، ئىچكۈزگەن زاتمۇ شۇدۇر. ئاغرىپ قالسام مېنى ساقايتىدىغان زاتمۇ شۇدۇر﴾[1] دېگەن ئايەتلەر بولۇپ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بۇ ئايەتلەردە، يارىتىش، يول كۆرسىتىش، يىگۈزۈش، ئىچكۈزۈش ۋە كېسەلدىن ساقايتىش قاتارلىق ئىشلارنى ئاللاھ تائالاغا مەنسۇپ قىلغان، ئەمما كېسەللىكنى ئاللاھ تائالاغا مەنسۇپ قىلماستىن، ئۆزى مەنسۇپ قىلغان.

[1] سۈرە شۇئەرا :78- ئايەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شۇڭا، «مېنى كېسەل قىلغان» دېمىستىن، «ئاغرىپ قالسام» دېگەن. ھالبۇكى كېسەلنى سالغۇچىمۇ ئاللاھ تائالا، ئۇنىڭدىن شىپالىق بەرگۈچىمۇ ئاللاھ تائالادۇر.

﴿نَعْبُدُ﴾، ﴿نَسْتَعِينُ﴾، ﴿اهْدِنَا﴾ دېگەن ئايەتلەردىكى پېئىللارنىڭ بىرلىك شەكلى بىلەن ئەمەس، كۆپلۈك شەكلى بىلەن كەلگەنلىكىنىڭ كۆپلىگەن ھېكمەتلىرى بار. بىز شۇنى دېيەلەيمىزكى، بۇ مۇسۇلمانلارغا شەخسىيەتچىلىكنى تاشلاپ، ئومۇمىي مۇسۇلمانلارنىڭ غېمىنى يېيىش، ھەممىگە ياخشىلىق تىلەش ۋە ئاللاھ تائالاغا قۇلچىلىق قىلىشتا ھەممە باراۋەر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىش قاتارلىق گۈزەل ئەخلاق ۋە ئالىي پەزىلەتلەرنى ئۆگىتىش ئۈچۈن بولسا كېرەك. «قۇرئان كەرىم»دە كەلگەن دۇئالارنىڭ كۆپلىگەن كۆپلۈك نامىدىن كۆپلۈك شەكلىدە كەلگەنلىكىدىمۇ مۇشۇ ھېكمەت كۆزدە تۇتۇلغان دېسەك خاتا بولماس. ﴿رَبَّنَا آتِنَا فِي الدُّنْيَا حَسَنَةً وَفِي الْآخِرَةِ حَسَنَةً وَقِنَا عَذَابَ النَّارِ﴾ يەنى ﴿ئى رەببىمىز! بىزگە دۇنيادا ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن﴾[1] دېگەن ئايەت بۇنىڭ مىسالى.

شەكسىزكى، بۇ خىل ئۇسۇل مۇسۇلمانلارغا ئۆزلىرىنىڭ ھەرگىز يالغۇز ئەمەسلىكىنى، بارلىق ئىسلام ئەھلىنىڭ ئاللاھ تائالاغا قۇلچىلىق قىلىشتا، ئۇنىڭدىن ياردەم سوراشتا ۋە ئۇنىڭدىن توغرا يولغا ھىدايەت قىلىشنى تىلەشتە بىر گەۋدىگە ئوخشاش بىرلىك، باراۋەرلىك ئىچىدە ئىكەنلىكىنى، مۇسۇلمان ئادەمنىڭ ئۆزىنىلا ئويلىماي، بارلىق مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىنىڭ غېمىنى يېيىشى، ھەممە مۇسۇلمانلارغا ياخشىلىق تىلىشى كېرەكلىكىنى ئەسلىتىدۇ.

### «ئامىن» دېيىشنىڭ ھۆكمى

فاتىھە سۈرىسىدىن كېيىن ئېيتىلىدىغان «آمين» (ئامىن) دېگەن سۆز فاتىھە سۈرىسىنىڭ بىر پارچىسى ئەمەس، «قۇرئان كەرىم»دىن بىر ئايەت ئەمەس، پەقەتلا دۇئادۇر. ئۇنىڭ مەنىسى «ئى رەببىم! دۇئايىمنى ئىجابەت قىلغىن» دېگەنلىكتۇر. فاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن «ئامىن» دېيىش سۈننەتتۇر. نامازدا ئىمام ۋە جامائەت ھەممىسىنىڭ «ئامىن» دېيىشى سۈننەتتۇر. چۇنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئىمام ﴿ئامىن﴾ دېگەندە سىلەرمۇ ﴿ئامىن﴾ دەڭلار. بىراۋنىڭ ﴿ئامىن﴾ دېگىنى پەرىشتىلەرنىڭ ﴿ئامىن﴾ دېگىنىگە ئۇدۇل كېلىپلا قالسا، ئۇنىڭ ئۆتكەنكى بارلىق گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ»[2] دەپ كۆرسەتكەن.

ئەللامە ئىبنى باز[3] مۇنداق دېگەن:

[1] سۈرە بەقەرە:201- ئايەت.

[2] ئىمام بۇخارى، ئىمام مۇسلىم، ئىمام نەسائى ۋە دارىمى رىۋايىتى.

[3] ئابدۇلئەزىز ئىبنى ئابدۇللا ئىبنى باز ( 1910-

«مەيلى نامازدا بولسۇن، ياكى ناماز سىرتىدا بولسۇن، فاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇغان ياكى ئاڭلىغان كىشىنىڭ «ئامىن» دېيىشى سۈننەتتۇر. ناۋادا فاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇپ ياكى ئاڭلاپ «ئامىن» دېمىسە گۇناھ بولمايدۇ. ناۋادا ئىمام ياكى جامائەت نامازدا فاتىھە سۈرىسىدىن كېيىن«ئامىن» دېمىسە، ئۇلارنىڭ نامىزىغا نۇقسان يەتمەيدۇ ۋە ئۇلارغا گۇناھمۇ بولمايدۇ»[①].

«ئامىن»نى ئۈنلۈك دېيىش ئەۋزەلمۇ ياكى ئىچىدە دېيىشمۇ؟

ئەمدى «ئامىن»نى ئۈنلۈك دېيىش ياكى ئىچىدە دېيىش مەسىلىسىگە كەلسەك، شافىئىي ۋە ھەنبەلىي مەزھەپلىرىدە ۋە بەزى مالىكىي ئۆلىمالىرى ﴿ئامىن﴾ نى ئۈنلۈك دېيىش سۈننەت دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ دەلىلى «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام فاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ﴿ئامىن﴾ نى ئۈنلۈك دەيتتى»[②] دېگەن ھەدىستۇر. كۆپ سانلىق ئۆلىمالار بۇ ھەدىسقا ئاساسلىنىپ، ﴿ئامىن﴾ نى ئۈنلۈك دېيىشنى سۈننەت دەپ قارايدۇ.

ئەمما ھەنەفىي مەزھىپى ۋە بەزى مالىكىي ئۆلىمالىرى ﴿ئامىن﴾ نى مەخپىي دېيىشنى سۈننەت دەپ قارايدۇ. ھەنەفىي مەزھىپىنىڭ بۇ مەسىلىدىكى دەلىلى شۇكى: ﴿ئامىن﴾ دېگەن دۇئادۇر، دۇئانى ئاشكارا قىلغاندىن مەخپىي قىلىش ئەۋزەلدۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالا: ﴿ادْعُوا رَبَّكُمْ تَضَرُّعًا وَخُفْيَةً﴾ يەنى ﴿رەببىڭلارغا يالۋۇرۇپ تۇرۇپ پەس ئاۋازدا دۇئا قىلىڭلار﴾[③] دەپ كۆرسەتكەن.

ئەللامە مۇھەممەد ئىبنى سالىھ ئۇسەيمىن[④] نامازدا ﴿ئامىن﴾ نى ئۈنلۈك دېيىشنىڭ ھۆكمى توغرۇلۇق سورالغاندا مۇنداق دەپ جاۋاب بەرگەن: «قىرائىتى ئۈنلۈك ئوقۇلىدىغان نامازلاردا ﴿ئامىن﴾ نى ئۈنلۈك دېيىش سۈننەتتۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈنلۈك دېگەنلىكى، ھەتتا جامائەتنىڭ ئۈنلۈك دېگەنلىكى ھەققىدە ھەدىسلەر كەلگەن. ئەمما بۇ مەسىلە مۇسۇلمان ئوتتۇرىسىدا جېدەل- ماجىراغا ۋە ئۆز ئارا دۈشمەنلىككە سەۋەب بولۇپ قالماسلىقى لازىم. مۇنداق قىلىش سەلەف سالىھە (ھىجرىيەنىڭ ئۈچىنچى ئەسىرىگىچە ئۆتكەن ئۆلگىلىك مۇسۇلمانلار)نىڭ يولىغا توغرا كەلمەيدۇ. چۈنكى ئۇلار بۇنىڭغا ئوخشىغان مەسىلىلەردە ئىختىلاپلىشاتتى، ئەمما قارشى تەرەپنى ئازغۇنلۇققا چىقىرىۋەتمەيتتى»[⑤].

ئەللامە ئىبنى باز نامازدا ﴿ئامىن﴾نى ئۈنلۈك دېمىسىمۇ ۋە نامازنى باشلاش تەكبىرىدىن باشقا تەكبىرلەردە ئىككى

1999) سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ سابىق مۇفتىسى.

[①] «ئىبنى باز پەتىۋالىرى»دىن.

[②] ئىمام ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى.

[③] ئەئراف سۈرىسى :55- ئايەت.

[④] ئەللامە مۇھەممەد ئىبنى سالىھ ئۇسەيمىن (1929- 2001م) سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ كاتتا ئۆلىمالىرىدىن بىرىدۇر.

[⑤] «ئىبنى ئۇسەيمىن پەتىۋالىرى» 13- توم، 140- بەت.

www.uyghurkitap.com

قولنى كۆتۈرمىسمۇ بولامدۇ؟ دېگەن سوئالغا جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېگەن: «ئەلۋەتتە بولىدۇ، خۇسۇسەن، ﴿ئامىن﴾نى ئۈنلۈك دېمەيدىغان ۋە نامازنى باشلاش تەكبىرىدىن باشقا تەكبىرلەردە ئىككى قولنى كۆتۈرمەيدىغان كىشىلەر بىلەن ناماز ئوقۇغاندا، ئۇلارغا مۇۋاپىقلىشىپ ﴿ئامىن﴾نى ئىچىدە دېيىش ۋە مەزكۇر تەكبىرلەردە قولنى كوتۈرمەسلىك لازىم. چۈنكى ﴿ئامىن﴾نى ئۈنلۈك دېيىش ياكى ئىچىدە دېيىش ئۆلىمالار ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپلىق مەسىلىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بەزىدە ﴿ئامىن﴾نى ئۈنلۈك دېگەنلىكى، بەزىدە ئاۋازىنى كۆتۈرمىگەنلىكى ھەققىدە ھەدىسلەر كەلگەن. بىز ﴿ئامىن﴾نى ئۈنلۈك دېيىش كېرەك دېگەن تەقدىردىمۇ، بۇ پەقەتلا بىر مۇستەھەب[1] ئەمەلدۇر. مۇستەھەب ئەمەل مۇسۇلمانلار ئارىسىدا بۆلۈنۈشكە، جېدەل- ماجىراغا ۋە پىتنىگە سەۋەب بولىدىغان بولسا، بۇنداق مۇستەھەب ئەمەلنى قىلماسلىق لازىم. مۇستەھەب ئەمەلنى تەرك ئەتسە، مۇسۇلمانلار ئۈچۈن مەنپەئەتلىك بولسا، ئۇنى ئەلۋەتتە تەرك ئېتىش لازىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كەئبىنى يىقىتىپ، ئۇنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىكى ھالىتى بويىچە قايتا بىنا قىلىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، بۇ ئىشنىڭ مۇسۇلمانلارغا تەسىرى ياخشى بولماسلىقىدىن ئەنسىرەپ بۇ پىكرىدىن ۋاز كەچكەنلىكى بۇنىڭ مىسالىدۇر. چۈنكى قۇرەيش قەبىلىسىدىكىلەر ئىسلامنى ئەمدىلا قوبۇل قىلغان كىشىلەر ئىدى»[2].

مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالا ئۆزىنى مەدھىيەلىگەن ۋە بەندىلىرىنى ئۆزىگە ھەمدۇسانا ئېيتىشقا چاقىرغان. ھەقىقەتەن مەدھىيەلەشكە ۋە ماختاشقا ئەڭ لايىق زات ئاللاھ تائالادۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالا پۈتۈن ئالەملەرنىڭ رەببىدۇر.

2. فاتىھە سۈرىسى مۇسۇلمانلارغا دۇئانىڭ ئەدەپلىرىنى ئۆگەتكەن بولۇپ، دۇئا قىلماقچى بولغان ئادەم ئالدى بىلەن ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇسانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد ئېيتىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ھاجەتلىرىنى تىلەيدۇ.

3. ئاللاھ تائالادىن باشقىسىغا ئىبادەت قىلماسلىق ۋە ئۇنىڭدىن باشقىسىدىن مەدەت تىلىمەسلىك ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق پرىنسىپىدۇر.

4. ياخشىلارنىڭ يولىغا ئەگىشىش، ئازغۇنلارنىڭ يولىدىن يىراق بولۇش مۇسۇلمان كىشىنىڭ تىلىكى ۋە ئەخلاقىدۇر.

- داۋامى كېيىنكى ساندا...

[1] مۇستەھەب - پەرز ياكى سۈننەت ئەمەس، پەقەت قىلسا ساۋاب بولىدىغان ئەمەل دېمەكتۇر.

[2] «ئىبنى باز پەتىۋالىرى»دىن.




ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە غەلىبە ۋە ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىشنىڭ سەۋەبلىرىگە ئىشارەت قىلغان ھالدا، ئومۇمىي تەييارلىققا ئەمر قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «دۈشمەنلىرىڭلار (بىلەن ئۇرۇش قىلىش) ئۈچۈن، قولۇڭلاردىن كېلىشىچە كۈچ، جەڭ ئېتى تەييارلاڭلار، بۇنىڭ بىلەن، ئاللاھنىڭ دۈشمىنىنى، ئۆزۈڭلارنىڭ دۈشمىنىڭلارنى ۋە ئۇلاردىن باشقا دۈشمەنلەرنى قورقۇتىسىلەر، ئۇلارنى سىلەر تونۇمايسىلەر، ئاللاھ تونۇيدۇ، سىلەرنىڭ ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلغىنىڭلار مەيلى نېمە بولسا بولسۇن، سىلەرگە ئۇنىڭ ساۋابى تولۇق بېرىلىدۇ، سىلەرگە زۇلۇم قىلىنمايدۇ (يەنى بۇ ساۋابتىن ھېچ نەرسە كېمەيتىلمەيدۇ)»[1]

تەييارلىق قىلىش ئەمەلىيەتتە سەۋەب قىلىش دېمەكتۇر. بۇيرۇق كەلىمىسى بار ھەرقانداق جۈملىدىكى ئېنىقسىز كەلىمە ئومۇمغا دالالەت قىلىدۇ دېگەن مەشھۇر قائىدىگە كۆرە، بۇ ئايەتتىكى كۈچ دېگەن سۆز ئىمان كۈچى، ئىلىم كۈچى، قورال كۈچى، ئىقتىساد كۈچى قاتارلىق كۈچلەرگە دالالەت قىلىدۇ.

بۇ ئايەت مۇئمىنلەرنى ئومۇمىي تەييارلىققا ئەمر قىلغان بولۇپ، تەربىيۋى، ئىقتىسادىي، سىياسىي، ئەسكىرىي تەييارلىقلارنىڭ ھەممىسى بۇنىڭغا داخىل بولىدۇ.

بۇ ئايەت يەنە تەييارلىقنىڭ ناھايىتى كۆپ مەبلەغكە مۇھتاج بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ بېرىش بىلەن بىرگە، دۇنيادا بۇ مەبلەغنىڭ ئورنى تولدۇرۇپ

[1] سۈرە ئەنفال، 60 ـ ئايەت.

www.uyghurkitap.com

بېرىلىدىغانلىقى، ئاخىرەتتە ساۋابى كېمەيتىلمەيدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بېرىپ، مۇئمىنلەرنى بۇ يولدا قولىدىن كېلىشىچە مەبلەغ سېلىشقا رىغبەتلەندۈرمەكتە.

## سەۋەب قىلىش ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىشقا زىت كېلەمدۇ؟

غەلىبە ۋە ئۈستۈنلۈكنىڭ سەۋەبلىرىنى بايان قىلىشقا ئۆتۈشتىن ئاۋۋال بۇ يەردە قۇرئان كەرىمدىكى سەۋەب قىلىش قانۇنىيىتى ۋە سەۋەب قىلىش بىلەن ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىشنىڭ مۇناسىۋەتلىرى ئۈستىدە توختىلىشقا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى سەۋەب قىلىش قانۇنىيىتى غەلىبە ۋە ئۈستۈنلۈككە بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ئىلاھىي قانۇنىيەتلەردىن بولغانلىقتىن، غەلىبە ۋە ئۈستۈنلۈك يولىدا تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتقان شەخس ۋە جامائەتلەرنىڭ بۇنى ياخشى چۈشىنىشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە تۇغۇت تولغىقى ئازابىدا پۇچىلىنىۋاتقان ۋە ئۇنىڭدىنمۇ بەك قانداق ھامىلدار بولغانلىقىنى قەۋمىگە چۈشەندۈرۈشتىن ئىزتىراپ چېكىۋاتقان ھەزرىتى مەريەمنى ھاياتنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن سەۋەب قىلىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: «خورما دەرىخىنى ئۆز تەرىپىڭگە ئىرغىتقىن، ئالدىڭغا پىشقان يېڭى خورمىلار تۆكۈلىدۇ»[1]

ھەقىقەتنىڭ غەلىبە قىلىشىنى، مۇئمىنلەرنىڭ ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىشىنى، كاپىرلارنىڭ ھامان مەغلۇپ بولۇشىنى تەقدىر قىلغان ئاللاھ مۇئمىنلەرگە: مەن سىلەرگە غەلىبە ۋە ئۈستۈنلۈكنى تەقدىر قىلدىم، سىلەر ئەمدى تەقدىرىمنىڭ ئىجراسىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇڭلار، مەن تەقدىر قىلغان ئىش ھامان بولىدۇ دېمەستىن، بەلكى تەييارلىق قىلىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: «دۈشمەنلىرىڭلار (بىلەن ئۇرۇش قىلىش) ئۈچۈن، قولۇڭلاردىن كېلىشىچە كۈچ، جەڭ ئېتى تەييارلاڭلار». يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۇئمىنلەر! سىلەر ئاللاھنىڭ (دىنىغا) ياردەم بەرسەڭلار، ئاللاھ سىلەرگە (دۈشمىنىڭلارغا قارشى ياردەم بېرىدۇ»[2]

ھەرقانداق بىر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشنى ئىرادە قىلسا، «ۋۇجۇدقا كەل» دەپ بىر بۇيرۇق بىلەنلا ۋۇجۇدقا چىقىرىدىغان قۇدرەتلىك ئاللاھ ئىنساننى سەۋەب قىلمىسىمۇ ھەقىقەتكە ياردەم بېرىشتىن ئاجىز ئەمەس ئىدى، لېكىن ئۇ زات ئىنساننىڭ سەۋەب قىلىشىنى خالىدى، ئىنساننىڭ ئىزدىگەن نەرسىسىگە ئېرىشىشى ئۈچۈن سەۋەب قىلىشى ۋە بۇ يولدا جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىشى ئاللاھ تائالانىڭ قانۇنىيەتلىرىدىندۇر.[3]

ئاللاھ تائالانىڭ بۇ قانۇنىيەتلىرىنى

[1] سۈرە مەريەم 25 ـ ئايەت.

[2] سۈرە مۇھەممەد 7 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[3] حول التفسير الإسلامي للتاريخ محمد قطب، ص104.

ھەممىدىن ياخشى چۈشەنگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىسلام دۆلىتىنى قۇرۇش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ تاقىتى يەتكەن بارلىق سەۋەبلەرنى قىلغان ۋە ساھابە كىراملىرىنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بارلىق ئىشلىرىدا ئاللاھنىڭ قانۇنىيەتلىرىگە رىئايە قىلىپ، ھەر ئىشتا سەۋەب قىلىشقا يۈزلەندۈرگەن.

ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مەسجىدتە ئىنئام ۋە ئېھسانلارغا تەلمۈرۈپ ئولتۇرغان بىر تۈركۈم كىشىلەرگە مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئى ئاللاھ، ماڭا رىزىق بەرگىن دەپ ئولتۇرۇۋالمىسۇن، ۋەھالەنكى ئۇ ئاسماننىڭ ئالتۇن ـ كۈمۈش ياغدۇرمايدىغانلىقىنى بىلىدۇ، ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «نامازدىن فارىغ بولغىنىڭلاردىن كېيىن، زېمىنغا تارىلىپ (ئۆز مەشغۇلاتىڭلار بىلەن بولۇپ)، ئاللاھنىڭ پەزلىدىن تەلەپ قىلىڭلار»①

دۇنيا ئىشلىرى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى ئاخىرەت ئىشلىرى ئۈچۈنمۇ سەۋەب قىلىش لازىم. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى ئاخىرەتنى كۆزلەيدىكەن ۋە مۇئمىن بولۇپ ئاخىرەتكە لايىق ئەمەللەرنى قىلىدىكەن، مۇنداق ئادەملەرنىڭ قىلغان ئەمەلى (ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا) قوبۇل بولىدۇ»②

ئاللاھ تائالانىڭ مۇتلەق قۇدرىتىگە، قازا ۋە قەدەرىگە ئىمان ئېيتىشنىڭ سەۋەب قىلىشقا زىت كەلمەيدىغانلىقىنى ياخشى چۈشەنگەن سائادەت دەۋرىدىكى مۇئمىنلەربۇ كائىناتتا ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزگەرمەس قانۇنىيەتلىرىنىڭ بارلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە، ئاللاھ تائالانىڭ ھېچقانداق نەرسە توسۇپ قالالمايدىغان ئادەتتىن تاشقىرى قانۇنىيەتلىرىنىڭمۇ بارلىقىنى، لېكىن ئاللاھ تائالانىڭ جارى بولۇۋاتقان قانۇنىيەتلىرىنىڭ ئۆزگەرمەيدىغانلىقىنى، خارىقە قانۇنىيەتلىرىنىڭ مۇستەسنا قانۇنىيەتلەر ئىكەنلىكىنى، ھەر ئىككىسىنىڭ ئاللاھنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق ئىكەنلىكىنى ياخشى چۈشەنگەن.شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار بىرەر نەتىجىگە ئېرىشمەكچى بولسا، جارى بولۇۋاتقان قانۇنىيەتلەرگە كۆرە، شۇ نەتىجىگە ئېلىپ بارىدىغان سەۋەبلەرگە سەل قارىمىغان.③

ئۇھۇد غازىتىدا مۇسۇلمانلار غەلىبىلىك نەتىجە ئېلىپ كېلىدىغان مۇقەددىمەلەرنى ياخشى ھازىرلىمىغانلىقتىن، ئۇلارغا بەزى كۆڭۈلسىزلىكلەر يەتكەن. ۋەھالەنكى مۇشرىكلەر ئاللاھقا ئۇلاردىن سۆيۈملۈك ئەمەس ئىدى، لېكىن ئاللاھ تائالا غەلىبىنى سەۋەبلەرگە باغلىغان بولۇپ، بەندىلىرىگە شۇ سەۋەبلەرگە رىئايە

①سۈرە جۇمئە 10 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
②سۈرە ئىسرا 19 ـ ئايەت.
③مفاهيم ينبغي أن تصحح، ص262، 263.

www.uyghurkitap.com

قىلىشنى ۋاجىپ قىلغان. شۇڭا سەۋەبلەرنى تەرك ئېتىپ مەغلۇپ بولغانلار باشقىلارغا ئەمەس، بەلكى ئۆزلىرىگىلا مالامەت قىلىشى لازىم.

بۈگۈنكى كۈندە مۇسۇلمانلارنىڭ دۇنياغا رەھبەر بولۇشتىن مەھرۇم قېلىشمۇ، ئۇلارغا بولغان زۇلۇم ۋە ناھەقچىلىك بولماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئۇنۇتقانلىقى، ئىلىم ۋە ئەمەل ساھەلىرىدە كەتكۈزۈپ قويغانلىقى، ئاللاھنىڭ قانۇنىيەتلىرىگە بىخۇدلۇق قىلغانلىقى، غەلىبە ۋە ئۈستۈنلۈكنى قۇرۇق ئارزۇ-ئارمانلارغا باغلىغانلىقى ئۈچۈن، تەبىئىي نەتىجە ۋە ئىلاھىي ئادالەتتۇر.① ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «بۇ سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلار تۈپەيلىدىندۇر، ئاللاھ بەندىلىرىگە زۇلۇم قىلغۇچى ئەمەستۇر»②

بۇ يەردە مۇنداق بىر سوئال تۇغۇلىدۇ: بۇ، سەۋەب قىلىش قانۇنىيەتلىرىنى تەرك ئېتىپ، ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلغان مۆئمىنلەرنىڭ جازاسى بولىدىغان بولسا، ئاللاھتائالاغا بىراقلا تانغان كاپىرلارچۇ؟ ئۇلار ماددىي تەرەپتىن ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىدە ياشاۋاتىدىغۇ؟ بۇ سوئالنىڭ جاۋابى شۇكى، كاپىرلار بۇ سەۋىيىگە ئەقىدىسى توغرا بولغانلىقتىن ياكى ئۇلارنى ئاللاھ ياخشى كۆرگەنلىكتىن ئەمەس، بەلكى تىرىشقانلىقتىن يەتتى. تىرىشىش يولى كاپىر-مۆئمىن، ياخشى-يامان ھەممەيلەن ئۈچۈن داۋاملىق ئوچۇق. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «(قىلغان ياخشى ئەمەللىرى بىلەن پەقەت) ھاياتىي دۇنيانى ۋە ئۇنىڭ زىبۇزىننىتىنى كۆزلەيدىغان كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنىڭ ئەجرىنى بۇ دۇنيادىلا تولۇق بېرىمىز، دۇنيادا ئۇلارنىڭ ئەجرىدىن ھېچ نەرسە كېمەيتىلمەيدۇ»③

ئاللاھ تائالا غەلىبە ۋە ئۈستۈنلۈكنى ئىنسانىنىڭ تىرىشچانلىقىغا باغلىغان بولۇپ، كىمكى ھاياتلىق قانۇنىيەتلىرىگە بويسۇنۇپ تىرىشچانلىق كۆرستىدىكەن، ئۆزىنىڭ تىرىشقىنىغا كۆرە، كۆزلىگەن نەتىجىگە ئېرىشىدۇ. بۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسى ۋە ئۆزگەرمەس قانۇنىيەتلىرىدىندۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىنى ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىش بىلەن بىرگە، سەۋەب قىلىشقا يېتەكلەيتتى ۋە سەۋەب قىلىشنىڭ ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىشقا زىت كەلمەيدىغانلىقىنى تەكىتلەيتتى.

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر ئادەمنىڭ تۆگىسىنى ئېلىپ كېلىپ: يا رەسۇلۇللاھ، تۆگىنى باغلىماي ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلامدىم؟ دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «تۆگىنى باغلىغىن، ئاندىن ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلغىن» دەپ جاۋاب

---

① التمكين للأمة الإسلامية، ص252.

② سۈرە ئال ئىمران 182-ئايەت.

③ سۈرە ھۇد 15-ئايەت.

بەرگەنلىكنى رىۋايەت قىلىدۇ.[1]

سەۋەب قىلىش ئاللاھ تائالاغا خالىس قۇلچىلىق قىلغانلىق بولۇپ، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىشقا زىت كەلمەيدۇ. مۇئمىن ئاللاھ تائالانىڭ سەۋەب قىلىش قانۇنىيىتىگە رىئايە قىلىپ سەۋەب قىلىدۇ، لېكىن سەۋەبكە ئەمەس، ئاللاھ تائالاغا تەۋەككۇل قىلىدۇ.

## غەلىبە ۋە ئۈستۈنلۈكنىڭ مەنىۋى سەۋەبلىرى

غەلىبە ۋە ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىشنىڭ سەۋەبلىرى مەنىۋى سەۋەبلەر ۋە ماددىي سەۋەبلەر دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىلىدىغان بولۇپ، مۇھىم مەنىۋى سەۋەبلىرنى تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

### بىرىنچى سەۋەب: ئىخلاسمەن شەخسلەرنى يېتىشتۈرۈش

بۇ، غەلىبە ۋە ئۈستۈنلۈك سەۋەبلىرىنىڭ ئالدىن قاتارىدىكى مۇھىم سەۋەبلەردىن سانىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىنى يېتىشتۈرۈشنى ئاللاھ تائالانىڭ پۈتۈن شەيئىلەرنىڭ ياراتقۇچىسى، ئىگىسى ۋە ئورۇنلاشتۇرغۇچىسى ئىكەنلىكى؛ كائىناتتىكى بارلىق نېمەتلەرنىڭ مەنبەسى ئىكەنلىكى؛ ھەممىگە قادىر ۋە ھەممىنى تولۇق بىلىدىغانلىقى؛ پەرىشتىلىرى ئارقىلىق ئىنساننىڭ پۈتۈن سۆز ۋە ھەرىكەتلىرىنى خاتىرلەپ تۇرىدىغانلىقى؛ بەندىلىرىنى تۈرلۈك سىناقلار بىلەن سىناپ، ياخشى-يامانلىرىنى ئايرىپ تۇرىدىغانلىقى؛ «قۇرئان كەرىم»گە ئەمەل قىلغان ياخشى بەندىلىرىگە ئىگە چىقىدىغانلىقى قاتارلىق تەرەپلەرگە مەركەزلەشتۈرۈپ، ئۇلارنى ئاللاھ تائالا ھەققىدە توغرا تەسەۋۋۇرغا ئىگە قىلغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىنى تەربىيىلەشتە، بۇ دۇنيانىڭ ھامان زاۋاللىققا يۈزلىنىدىغانلىقى، دۇنيا مەنپەئىتىنىڭ ئاخىرەت مەنپەئىتىگە سېلىشتۇرغاندا، ھېچنىمىگە ئەرزىمەيدىغانلىقى؛ پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ھۇزۇرىغا قايتىپ، بارلىق ئەمەللىرىدىن ھېساب بېرىپ، يا جەننەتكە يا دوزاخقا ئورۇنلىشىدىغانلىقى؛ جەننەتنىڭ دۇنيادىكى بارلىق جاپا-مۇشەققەتلەرنى، دوزاخنىڭ دۇنيادىكى بارلىق راھەت-پاراغەتلەرنى ئۇنتۇلدۇرىدىغانلىقى؛ قىيامەت زىلزىلىسى ۋە دەھشىتىنىڭ ھامىلىدار ئاياللارنى بويىدىن ئاجرىتىۋېتىدىغان ۋە ئىنسانلارنى ئەس-ھوشىدىن كەتكۈزۈۋېتىدىغان دەرىجىدە قاتتىق ۋە قورقۇنچلۇق ئىكەنلىكى؛ بۇ قورقۇنچلاردىن قۇتۇلۇش يولىنىڭ بۇ دۇنيادا ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتىش ۋە ئۇنىڭ رازىلىقىنى ئىزدەپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش ئىكەنلىكى قاتارلىقلارغا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ روھىي دۇنياسىنى پاكلاشقا ئەھمىيەت

---

[1] رواه الترمذي، رقم 537.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بەرگەن ۋە ئۇلارغا مەسئۇلىيەتلىرىنى، ئاللاھ تائالانىڭ ھۇزۇرۇدىكى ئورۇن ۋە مەرتىۋىلىرىنى ئەسلەتكەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار كېچە-كۈندۈز ھارماي-تالماي دۇنيا-ئاخىرەتنىڭ بەخت-سائادىتى ئۈچۈن تىرىشىدىغان بولغان.

ئىخلاسمەن شەخسلەرنى يېتىشتۈرۈشتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «قۇرئان كەرىم» تەلىماتلىرىنى ئاساس قىلىپسىزىپ بەرگەن مانا بۇ سىستېما ئاساس قىلىنىشى لازىم.

**ئىخلاسمەن شەخسلەردە بولۇشقا تېگىشلىك مۇھىم سۈپەتلەرنى تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:**

1-سەۋرچان بولۇش. سەۋرنى مۇنداق 4 تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ: بىرىنچىسى، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش مەنىسىدىكى سەۋر، ئىككىنچىسى، ساقلاش ۋە كۈتۈش مەنىسىدىكى سەۋر، ئۈچىنچىسى، قايتۇرۇپ كېلىش مۇمكىن بولمايدىغان قولدىن بېرىشلەرنى ئۇنتۇپ كېتىش مەنىسىدىكى سەۋر، تۆتىنچىسى، چىدام كۆرسىتىش مەنىسىدىكى سەۋردۇر. قۇرئان كەرىمدىكى: «سەۋر قىلغۇچىلارغا، ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىدىنمۇ ياخشىراق ساۋاب بېرىمىز.»[1] دېگەن ئايەت سەۋر قىلغۇچىلارنىڭ ھەممىسىگە قارىتىلغان ئومۇمىي ئايەتتۇر.[2] مۇھىم خىزمەت ئۈچۈن ئاتالانغان كىشىلەرنىڭ چوقۇم سەۋرچان بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

2-زىكىر-تەسبىھ، دۇئا-تەكبىرلەرنى كۆپ ئوقۇيدىغان بولۇش. زىكىر-تەسبىھ، دۇئا-تەكبىرلەر ياخشىلىق ۋە بەرىكەتلەرنىڭ ئىشىكى بولۇپ، ئاللاھ تائالا بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىشنىڭ ياخشى ۋاستىلىرىدۇر.

3-پۈتۈن سۆز ۋە ھەرىكەتلىرىدە ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى كۆزلەيدىغان بولۇش. بۇ ئەمەللەرنىڭ قوبۇل بولۇشىنىڭ مۇھىم ئاساسلىرىدىندۇر. ئىنسانىنىڭ ئىچكى دۇنياسىنىڭ دۇرۇس بولۇشى ھەر ئىشتا ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى كۆزلەشكە باغلىق بولىدۇ.

4-سۈپاتلىق بولۇش. بۇ، ئىمان، ئەركەكلىك ۋە راستچىللىق قاتارلىق ئۈچ ئېلېمېنتقا مۇھتاج بولىدۇ. بۇ ئېلېمېنتلارغا ئىگە كىشىلەر ھەققەت مەيدانلىرىدا سۈباتلىق بولۇپ، كۆزلىگەن نىشانلىرىغا دادىللىق بىلەن ئىلگىرىلىيەلەيدۇ.

5-قازا ۋە قەدەرگە ئىمان ئېتىش. قازا ۋە قەدەر مەسىلىسىنى «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىس شەرىپتە بايان قىلىنغاندەك توغرا چۈشىنىشنىڭ نىشانغا ئىككىلەنمەستىن ئىلگىرىلەشتە تۈرتكىلىك رولى بولىدۇ.

[1] نەھل سۈرىسى 16-ئايەت.

[2] ئۇستاز مۇھەممەد يۈسۈپنىڭ سەۋر ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى دېگەن ماقالىسىدىن ئېلىندى.

قازا ۋە قەدەرگە ئىمان ئېتىش ئىنسانلارنى ئۆز ئەقىدىلىرى ئۈچۈن بارلىقىنى تەقدىم قىلالايدىغان، ئاللاھتىن باشقا ھېچكىمدىن قورقمايدىغان، شېھىت بولۇشنى شەرەپ بىلىدىغان قىلىپ يېتىشتۈرۈشتە ئالاھىدە رول ئوينايدۇ.

مانا بۇلار ئىخلاسمەن شەخسلەردە بولۇشى زۆرۈر بولغان مۇھىم سۈپەتلەر بولۇپ، ئىخلاسمەن شەخسلەر بۇ سۈپەتلەر بىلەن يېتىشتۈرۈلگەندە غەلىبە ۋە ئۈستۈنلۈك يولىدا مۇھىم بىر قەدەم بېسىلغان بولىدۇ.

## ئىككىنچى سەۋەب: ئىخلاسمەن رەھبەرلەرنى يېتىشتۈرۈش

ئىخلاسمەن رەھبەرلىكنىڭ يوقلۇقى غەلىبە ۋە ئۈستۈنلۈك يولىدىكى ئەڭ چوڭ توسالغۇ ھېسابلىنىدۇ. رەھبەرلىك مىللەتنىڭ بېشى بولۇپ، ئۇ ساغلام بولسا مىللەت ساغلام بولىدۇ. رەھبىرىدىن ئايرىلغان مىللەت باشسىز تەنگە ئوخشاش بولۇپ، زۇلۇم ئىسكەنجىسىدىن ئەبەدىي قۇتۇلالمايدۇ. شۇڭلاشقائىشغالىيەتچىلەر تارىختىن بېرى خەلقنى رەھبەرلىرىدىن ئايرىۋېتىشكە ئۇرۇنۇپ كەلگەن.

## ئىخلاسمەن رەھبەرلەردە بولۇشقا تېگىشلىك مۇھىم سۈپەتلەرنى تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

ئىخلاسمەن رەھبەرلەردە بولۇشقا تېگىشلىك مۇھىم سۈپەتلەر بىلىملىك بولۇش، ئىشەنچلىك بولۇش، سالاھىيەتلىك بولۇش، شىجائەتلىك بولۇش، ھىممەتلىك بولۇش، ئادالەتلىك بولۇش، مەردانە بولۇش، پىداكار بولۇش، كەمتەر بولۇش، سەۋرچان بولۇش قاتارلىقلاردۇر.

رەھبەرلىككە قەلبىگە ئىمان ھەقىقىي ئورۇنلاشقان، سۆز ۋە ھەرىكەتلىرىدە تەقۋادارلىق نامايان بولۇپ تۇرىدىغان كىشىلەرنىڭ تەيىنلىنىشى غەلىبە ۋە ئۈستۈنلۈكنىڭ مۇھىم سەۋەبلىرىدىن ھېسابلىنىدۇ.

رەھبەرلىكنىڭ سوقىدىغان يۈرىكى ۋە تەپەككۇر قىلىدىغان ئەقلى يەنى مەسلىھەتچىلىرى ئىخلاسمەن ئۆلىمالاردىن بولغاندا، رەھبەرلىك ئاللاھ تائالانىڭ پەزلى ۋە مەرھەمىتى بىلەن نىشانغا سابىت قەدەملەر بىلەن ئىلگىرىلىيەلەيدۇ.

## رەھبەرلىكنىڭ يۈرىكى ۋە ئەقلى بولىدىغان ئىخلاسمەن ئۆلىمالار كىملەر؟

ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ شەرىئىتىنى پۇختا بىلىدىغان، بىلگەنلىرىگە ئەمەل قىلىدىغان، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلىدىغانلاردۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «(ئاللاھ) ھېكمەتنى خالىغان بەندىسىگە ئاتا قىلىدۇ؛ ھېكمەت ئاتا قىلىنغان ئادەمگە كۆپ ياخشىلىق ئاتا قىلىنغان بولىدۇ. پەقەت ئەقىللىق ئادەملەرلا بۇنىڭدىن پەند ـ نەسىھەت

ئالدۇ»[1]

ئۇلار ئاللاھ تائالا ئىلمىدە ۋە دۇنيا ـ ئاخىرەتلىك ئىشلاردا خەلقنىڭ يۆلەنچۈكى قىلغانلاردۇر.[2]

ئۇلار ئىجتىھاد، سەۋر ۋە ئىشەنچ بىلەن كاتتا مەرتىۋىلەرگە ئېرىشكەن پېشۋالاردۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار (كۈلپەتلەرگە) سەۋر قىلغان، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە جەزمەن ئىشەنگەن چاغدا، ئۇلاردىن بىر قىسىم كىشىلەرنى بىزنىڭ ئەمرىمىز بىلەن توغرا يول كۆرسىتىدىغان پېشۋالار قىلدۇق.»[3]

ئۇلار پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىلمى مىراسلىرى بىلەن يېتىشىپ، قەۋمىنىئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرىدىغانلاردۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «مۇئمىنلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ جىھادقا چىقىشى لايىق ئەمەس (ئۇلارنىڭ بىر تۈركۈمى جىھادقا چىقتى)، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھەر بىر جامائەدىن يەنە بىر تۈركۈمى دىني ئالىم بولۇپ، ئۇلار قەۋمىنىڭ قېشىغا قايتقاندىن كېيىن، قەۋمىنىڭ ئاللاھتىن قورقۇشى ئۈچۈن، ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇش مەقسىتىدە نېمىشقا (ئىلىم تەلەپ قىلىشقا) چىقمىدى؟»

ئۇلار يۈز ئۆرگۈچىلەر ياكى قارشىلاشقۇچىلارغا پىسەنت قىلماستىن، قىيامەتكىچە ھەقىقەت ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرۇپ، خەلقنى توغرا يولغا باشلايدىغانلاردۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئۈممىتىمدىن داۋاملىق ئاللاھنىڭ ئەمرىنى ئورۇندايدىغان بىر تائىپە بولىدۇ، ئاللاھنىڭ ئەمرى كەلگەنگە قەدەر يۈز ئۆرگەنلەر ياكى قارشىلاشقانلار ئۇلارغا زەرەر يەتكۈزەلمەيدۇ، ئۇلار غالىبە قىلغۇچىلاردۇر»[4]

## ئىخلاسمەن ئۆلىمالار قانداق تونۇلىدۇ؟

ئىخلاسمەن ئۆلىمالار ئىلىملىرى بىلەن تونۇلىدۇ، ئىلىم ئۇلارنى باشقىلاردىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدۇ، ئۇلار خەلققە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن مىراس ئالغان ئىلىم بىلەن خىتاب قىلىدۇ، ئۇلار پىتنە ـ پاسات زامانلىرىدىمۇ ھەقىقەت ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرۇش بىلەن تونۇلىدۇ. ئىبنى قەييىم رەھمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئىلىمدە يېتىشكەن كىشىگە دېڭىز دولقۇنلىرىدەك شەك ـ شۈبھىلەر يۈزلەنگەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ ئىشەنچىسىنى يوقىتالمايدۇ. چۈنكى ئۇ ئىلىمدە يېتىشكەن بولۇپ، ئۇنى شەك ـ شۈبھىلەرنىڭ ئىغۋاگەرچىلىكلىرى تەۋرىتەلمەيدۇ.»[5]

[1] سۈرە بەقەرە 269 ـ ئايەت.

[2] تفسير الطبري (3/327).

[3] سۈرە سەجدە 24 ـ ئايەت.

[4] البخاري، كتاب الاعتصام، باب قول النبي: «لا تزال...» (8/189) رقم 7311.

[5] مفتاح دار السعادة (1/140).



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئىخلاسمەن ئۆلىمالار دەۋىتى، تىرىشچانلىقى ۋە تەقۋالىقى بىلەن تونۇلىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئىچىدە ئاللاھتىن پەقەت ئالىملارلا قورقىدۇ، ئاللاھ ھەقىقەتەن غالىبتۇر، (بەندىلىرى ئىچىدە تەۋبە قىلغانلارنى) مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر.»[1]

ئىخلاسمەن ئۆلىمالار ياخشى كىشىلەرنىڭ، يېتۈك ئالىملارنىڭ ۋە ئۇستازلىرىنىڭ گۇۋاھلىقى بىلەن تونۇلىدۇ.

مانا بۇلار ئۆلىمالىقنىڭ دەلىللىرىدۇر. ئامما مەنسەپ ۋە باشقىلار ئۆلىمالىققا دەلىل بولالمايدۇ.

ئۆلىمالار سايلام ياكى دىپلوم ۋە ياكى ئۇنۋانلىرى بىلەن بەلگىلەنمەيدۇ. تارىختا مەنسەپ تۇتمىغان ئامما ئۇممەتكە پېشۋا بولۇپ خىزمەت قىلىپ، نامى دۇنيا تارقالغان نۇرغۇن ئۆلىمالار ئۆتكەن. بۇ، ئىلمىي مەنسەپلەرگە تەيىنلەنگەنلەر ئۆلىما ئەمەس دېگەنلىك بولمايدۇ، بەلكى مەنسەپ ئۆلىمالىقنىڭ دەلىلى بولالمايدۇ دېگەنلىك بولىدۇ.

ئىخلاسمەن ئۆلىمالار بىلەن قۇلاق موللىسى، مەدداھ، ۋائىز ۋە ناتىقلارنىڭ پەرقىنى ئايرىش زۆرۈر. ئۆلىما بەزىدە ياخشى سۆزلىيەلمەيدىغان ياكى ئاز سۆزلەيدىغان كىشى بولۇشى، ئەمما خەلق ئىچىدە ئۆلىمادىن تىلى راۋان، سۆزلەش ماھارىتى يۇقىرى كىشىلەر بولۇشى مۇمكىن. قۇلاق موللىسى، مەدداھ، ۋائىز ۋە ناتىقلار بەزى قىممەتلىك مەلۇماتلارنى يادلىۋالغان بولۇشى مۇمكىن، لېكىن تېگىدىن ئىلمىي ئاساسى بولمىغانلىقتىن مەسىلىلەرنى شەرئەت پرىنسىپى بويىچە ھەل قىلىشتىن ئاجىز كېلىدۇ. ئەمما ئىخلاسمەن ئۆلىمالار شەرئەت ئىلىملىرىنى سىستېمىلىق ئوقۇپ يېتىشكەنلەربولۇپ، ئايەت ـ ھەدىسلەرنى، ۋەقىلىكلەرنى، شەرئەتنىڭ مەقسەت ۋە نىشانلىرىنى توغرا چۈشىنىش قابىلىيىتىگە ئىگە بولغان پېشۋالاردۇر.[2]

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «سىلەر ھازىر ئۆلىمالىرى كۆپ، ناتىقلىرى ئاز بىر زاماندا ياشاۋاتىسىلەر، سىلەردىن كېيىن ناتىقلىرى كۆپ، ئۆلىمالىرى ئاز بىر زامان كېلىدۇ.»[3]

شۇنىڭدەك، ئۆلىمالار بىلەن زىيالىيلار ۋە مۇتەپەككۇرلارنىڭ پەرقىنى بىلىشمۇ زۆرۈر. زىيالىي ۋە مۇتەپەككۇرلارنىڭ مىللەتكە يەتكۈزگەن پايدىلىرى كۆپ، خەلقنىڭ قەلبىدىكى ئورنى يۇقىرى بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار يەنىلا يېتۈك ئۆلىمالارنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ. ئۇلارنىڭ شەرئەت ئىشلىرىدا ئۆلىمالارغا

[1] سۈرە فاتىر 28 ـ ئايەت.

[2] قواعد في التعامل مع العلماء، ص33.

[3] البخاري، الأدب المفرد، ص346

www.uyghurkitap.com

مۇراجىئەت قىلىشى ۋە ئۇلار بىلەن ھەمكارلىششى زۆرۈر بولىدۇ.[1]

دەۋانى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى ئاساسى كۈچ يۈرىكى ۋە ئەقلى يېتۈك ئۆلىمالار بولغان ئىخلاسمەن يېتەكچىلەردۇر.

«قۇرئان كەرىم»دە ئۆلىمالارغا ئىتائەت قىلغانلىقنىڭ ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ روسۇلىغا ئىتائەت قىلغانلىق بولىدىغانلىقى ھەققىدە نۇرغۇن دەلىللەر بايان قىلىنىدۇ.ھەدىس شەرىپلەردىمۇ ئۆلىمالارنىڭ پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسلىرى بولۇپ، ئاللاھ تائالا ياخشىلىق ئىرادە قىلغان، پەيغەمبەرلەردىن قالسىلا ئەڭ ئەۋزەل كىشىلەر ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇلارنىڭ مەرتىۋىسىنىڭ يۇقىرىلىقىنى بايان قىلىدىغان ھەدىسلەر كۆپ ئۇچرايدۇ.

ئىخلاسمەن ئۆلىمالارنىڭ رولىنى تونۇش ۋە ئۇلارغا ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇش ھەققىنى بېرىش غەلىبە ۋە ئۈستۈنلۈكنىڭ مۇھىم سەۋەبلىرىدىندۇر.

بۈگۈنكىدەك پىتنە ـ پاسات دەۋرىدە ئىخلاسمەن ئۆلىمالارغا بولغان ئېھتىياج تېخىمۇ كۈچىيىدۇ، بۇنداق ۋاقىتتا پىتنىخورلارغا ئەمەس، ئىش ئۈستىدىكى يېتەكچى ئۆلىمالارغا مۇراجىئەت قىلىش، ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سېلىش زۆرۈر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «(مۇئمىنلەرگە ئائىت) ئامانلىقنىڭ ياكى قورقۇنچنىڭ بىرەر خەۋىرى ئۇلارغا (يەنى مۇناپىقلارغا) يەتسە، ئۇنى تارقىتىدۇ، ئەگەر ئۇنى پەيغەمبەرگە ۋە (مۇئمىنلەر) نىڭ ئىچىدىكى ئىش ئۈستىدىكىلەرگە مەلۇم قىلسا، (شۇ) خەۋەرنى چىقارغۇچىلار (شۇ خەۋەرنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى) ئۇلاردىن ئەلۋەتتە بىلىۋالاتتى. (ئى مۇئمىنلەر!) ئەگەر سىلەرگە ئاللاھنىڭ پەزلى ۋە مەرھەمىتى بولمىسا ئىدى، سىلەرنىڭ ئازغىنا كىشىدىن باشقىلىرىڭلار، ئەلۋەتتە، شەيتانغا ئەگىشىپ كېتەتتىڭلار»[2]

ئاللاھنىڭ شەرىئىتىنى ھۆكۈمران قىلىشقا تىرىشىدىغان ئىخلاسمەن رەھبەرلىك ھەر ساھە ئىلىملىرىگە، بولۇپمۇ شەرئىي ئىلىملەرگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشى لازىم. بۇ، مۇھىم تەييارلىقلاردىن ھېسابلىنىدۇ.

## ئۈچىنچى سەۋەب: تەپرىقىچىلىك ئامىللىرىنى تۈگىتىش

ئاللاھنىڭ كىتابى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى، ساھابە ۋە تابىئىنلەرنىڭ يولىدىن چەتنەپ كېتىش تەپرىقىچىلىكنىڭ ئاساسلىق ئامىللىرىدىن سانىلىدۇ.

### تەپرىقىچىلىكنىڭ ئاساسلىق ئامىللىرىنى تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

1 ـ بىدئەتچىلىك. تەپرىقىچىلىكنىڭ ئەڭ

[1] جامع بلان العلم لابان عبو البر (96/2)

[2] سۈرە نىسا 83 ـ ئايەت.

چوڭ ئامىللىرىنىڭ بىرى بىدئەتچىلىكتۇر. بىدئەت پىتنىسى ئوتتۇرىغا چىقىشتىن بۇرۇن مۇسۇلمانلار جەمئىيىتى ناھايىتى ئىناق-ئىتتىپاق ئىدى. قاچانكى بۇ ۋىرۇس ئوتتۇرىغا چىقتى مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىك ۋە ئىتتىپاقى بۇزۇلۇشقا باشلىدى. ئارىسدا بىدئەتچىلىك ئومۇملاشقان مىللەت ئاسان ئىتتىپاقلىشالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنىڭ خەتىرىدىن ئاگاھ بولۇش ناھايىتى زۆرۈر.

ئىبنى تەيمىيە رەھمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «سۈننەت جامائەتچىلىككە، بىدئەت تەپرىقچىلىككە باشلايدۇ»[1].

دوكتۇر تەۋپىق ۋائىي رەھمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «جامائەتتىن ئايرىلىش بىدئەت ئەھلىنىڭ ئالامەتلىرىدىندۇر»[2].

«قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىس شەرىپلەر بىزنى بىدئەتنى تاشلاپ ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا مەھكەم يېپىشىشقا، ئايرىلماسلىققا چاقىرىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «بۇ مېنىڭ توغرا يولۇمدۇر، شۇ يولدا مېڭىڭلار، ناتوغرا يوللاردا ماڭماڭلار، ئۇلار سىلەرنى ئاللاھنىڭ يولىدىن ئايرىۋېتىدۇ»[3] ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «كىمكى دىنىمىزدا يوق نەرسىنى پەيدا قىلىدىكەن ئۇ نەرسە رەت قىلىنىدۇ»[4]

بىدئەتچىلىككە قارشى تۇرۇش، «قۇرئان كەرىم»، ھەدىس شەرىپكە چىڭ ئېسىلىش بىرلىك ۋە ئىتتىپاقلىقنىڭ ئاساسى، غەلىبە ۋە ئۇستۇنلۇكنىڭ مۇھىم ئامىللىرىدىندۇر.

2- بىلىمسىزلىك. تەپرىقچىلىكنىڭ ئەڭ چوڭ ئامىللىرىنىڭ يەنە بىرى بىلىمسىزلىكتۇر، بىلىمسىزلىك بىلەن ئاللاھ نامىدىن سۆزلەش ئەڭ ئېغىر جىنايەت ۋە ئەڭ چوڭ شېرىك ھېسابلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنى دەلىل-پاكىتسىز بىر نەرسىنى ھالال ياكى ھارام دېيىشتىن قاتتىق چەكلەپ مۇنداق دەيدۇ: «ئاغزىڭلارغا كەلگەن يالغاننى سۆزلەش ئۈچۈن (ھېچقانداق دەلىلسىز) «بۇ ھالال، بۇ ھارام» دېمەڭلار، چۈنكى (مۇنداقتا) ئاللاھ نامىدىن يالغاننى ئويدۇرغان بولىسىلەر، ئاللاھ نامىدىن يالغاننى ئويدۇرغۇچىلار ھەقىقەتەن (دۇنيا ئاخىرەتتە) مەقسىتىگە ئېرىشەلمەيدۇ»[5]

ئىبنى قەييىم رەھمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «بىلىمسىزلىك بىلەن ئاللاھ نامىدىن سۆزلەش شېرىك ۋە كۇپۇرلۇقنىڭ ئاساسىدۇر»[6]

بىلىمسىزلىك ھەقىقەتتىن

---

[1] الاستقامة (42/1).

[2] البدع والمصالح المرسلة، ص214.

[3] سۈرە ئەنئام 153- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[4] البخاري، كتاب الصلح، باب: إذا اصطلحوا على صلح (22/3) رقم 2697.

[5] سۈرە نەھل 116- ئايەت.

[6] مدارج السالكين (373/1).

www.uyghurkitap.com

يىراقلاشتۇرۇپ ئىختىلاپ ۋە تەپرىقچىلىككە ئېلىپ بارىدىغان، نەتىجىدە غەلىبە ۋە ئۈستۈنلۈكنىڭ كېچىكىشىگە سەۋەب بولىدىغان ئامىللاردىن بولۇپ، ئۇنى ھەل قىلىش ئىنتايىن زۆرۈر. ئۇنى ھەل قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى بىلىم ئېلىشتۇر. «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىس شەرىپلەردە ئىنسانلارنى بىلىم ئېلىشقا رىغبەتلەندۈرىدىغان ۋە بىلىم ئەھلىنىڭ پەزىلەتلىرىنى مەدھىيىلەيدىغان نۇرغۇن دەلىللەر بار.[1]

3 ـ نەپسى خاھىشقا ئەگىشىش. ئازغۇن پىرقىلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىش ئامىللىرىنىڭ بىرى نەپسى خاھىشقا ئەگىشىش بولۇپ، تەپرىقچىلىكنىڭ چوڭ سەۋەبلىرىدىندۇر. چۈنكى ئازغۇن پىرقىلەر شەرئىي دەلىلگە ئەمەس، بەلكى نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگىشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆلىمالار «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىس شەرىپ ئاساسلىرىدىن چەتنەپ كەتكەن بىدئەتچى، ئازغۇن پىرقىلەرنى «نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشكۈچىلەر» دەپ ئاتىغان.

نەپسى خاھىشقا ئەگىشىشكە قارشى تۇرۇش بىرلىشىش ۋە غەلىبە يولىنىڭ باشلىنىشىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن غەلىبە ۋە ئۈستۈنلۈككە ئىنتىلگۈچىلەردىن نەپسى خاھىشقا ئەگىشىشتىن ساقلىنىش ۋە ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. ئۇنى ھەل قىلىشنىڭ ئۇنۇملۈك چارىلىرى «قۇرئان كەرىم»، ھەدىس شەرىپكە قايتىش، سەلەف سالىھلارنى ئۈلگە قىلىش، تەقۋالىقنى كۈچەيتىش، ئۆزىدىن داۋاملىق ھېساب ئېلىپ تۇرۇش، ئىخلاسمەن ئۆلىمالارنىڭ سۆھبىتىدە بولۇش، توغرا پىكىر ۋە نەسىھەتلەرنى قوبۇل قىلىش، نەپسى خاھىشقا ئەگىشىپ قېلىشتىن ئاللاھ تائالاغا سېغىنىپ دۇئا قىلىش قاتارلىقلاردۇر.

4 ـ ئەقىلنى شەرئەت دەلىللىرىنىڭ ئالدىغا قويۇۋېلىش. ئەقىل ئاللاھ ئىنسانلارغا بەرگەن كاتتا نېمەتلەرنىڭ جۈملىسىدىندۇر، لېكىن ئەقىلنىڭ ئىدراك قىلىشى چەكلىك بولۇپ، ئۇنى مۇتلەق ھاكىم قىلىۋېلىش، بولۇپمۇ ئۇنى ياراتقۇچىنىڭ بەلگىلىمىرىنىڭ ئالدىغا ئۆتكۈزۈۋېلىش ئاقىۋىتى ياخشى بولمىغان نەتىجىلەرگە ئېلىپ بارىدۇ. ئىنسانلارنىڭ ئەقىل ئىدراكلىرى پەرقلىق بولغانلىقتىن ئەقىلنى مۇتلەق ھۆكۈمران قىلىۋېلىش تەپرىقچىلىككە ئېلىپ بارىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەقىلنى شەرئەت دەلىل ـ پاكىتلىرىنىڭ ئالدىغا ئۆتكۈزۈۋالماستىن، بەلكى ئۇنى شەرئەت دەلىل ـ پاكىتلىرىنى توغرا چۈشىنىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىق يەكۈنلەرنى چىقىرىشقا ئىشلىتىش كېرەك. تارىختا مۆتەزىلە، پەلسەپىچىلەرگە ئوخشىغان ئەقىلنى بىرىنچى مەنبە، شەرئەت دەلىل ـ پاكىتلىرىنى ئىككىنچى

[1] وجوب لزوم الجماعة وترك التفرق ص171.

مەنبە قىلغانلارنىڭ تەپرىقچىلىكلىرى ئەقلىنى شەرىئەت دەلىل-پاكىتلىرىنىڭ ئالدىدا قويۇۋېلىشنىڭ خەتەرلىك ئىللەت ئىكەنلىكىگە شاھتتۇر.

ئەقلىنى ئۆز دائىرىسىدىن ھالقىتىش ۋە ئۇنى شەرىئەت دەلىل-پاكىتلىرىنىڭ ئالدىدا قويۇۋېلىش ئىنسانى «قۇرئان قۇرئان» ۋە ھەدىس شەرىپتىن يىراقلاشتۇرۇپ قويىدۇ، مۇسۇلمانلار ئارىسىدا تەپرىقچىلىك پەيدا قىلىپ، غەلىبە ۋە ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىشكە ئېغىر توسالغۇ بولىدۇ.

5-تەقلىدچىلىك. «قۇرئان كەرىم»، ھەدىس شەرىپتىن چەتنەپ كېتىشنىڭ ۋە تەپرىقچىلىكنىڭ ئەڭ چوڭ ئامىللىرىنىڭ بىرى تەقلىدچىلىكتۇر. ئاللاھ تائالا ئاتا-بوۋىلىرىغا تەقلىد قىلىش باھانىسى بىلەن ھەققەتكە ئەگىشىشتىن باش تارتقانلارنى ئەيىبلەپ مۇنداق دەيدۇ: «ھەرقاچان ئۇلارغا: «ئاللاھ نازىل قىلغان ۋەھيىگە، قۇرئانغا ئەگىشىڭلار» دېيىلسە، ئۇلار: «ياق، ئاتا-بوۋىلىرىمىزدىن قالغان دىنغا ئەگىشىمىز» دېيىشىدۇ. ئاتا-بوۋىلىرى ھېچ نەرسىنى چۈشەنمىگەن ۋە توغرا يولدا بولمىغان تۇرسا، يەنە ئۇلارغا ئەگىشەمدۇ؟»① يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلارغا ئاللاھ نازىل قىلغان ھۆكۈمگە، پەيغەمبەر بايان قىلغان ھۆكۈمگە ئەمەل قىلىڭلار دېيىلسە، ئۇلار: «ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ دىنى بىزگە كۇپايە» دەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئاتا-بوۋىلىرى ھېچ نەرسە بىلمەيدىغان ۋە ھىدايەت تاپمىغان تۇرسىمۇ (يەنىلا ئۇلارنىڭ دىنىغا ئەمەل قىلامدۇ؟)»②.

قارغۇلارچە تەقلىدچىلىك ئىنسانى نۇر ۋە ھىدايەتكە ئەگىشىشتىن توسۇپ، ھالاكەت ۋە ئازغۇنلۇق يولىغا باشلايدۇ. كېيىنكى ئەسىرلەردە مۇسۇلمانلار ئارىسىدا تەقلىدچىلىك ئىللەتلىرى كەڭ تارقىلىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىتتىپاقى ۋە بىرلىكى ئېغىر زىيانغا ئۇچرىماقتا.

ئارىسىدا قارغۇلارچە تەقلىدچىلىك كەڭ تارقالغان مىللەت ھەرگىز ئىتتىپاقلىشالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مىللەت پېشۋالىرى بۇ ئىللەتكە قارشى تۇرۇشى ۋە ئۇنى يىلتىزىدىن داۋالىشى لازىم. تەقلىدچىلىككە قارشى تۇرۇش ھەققەتتە تەپرىقچىلىك سەۋەبلىرىگە قارشى تۇرغانلىق بولۇپ، غەلىبە ۋە ئۈستۈنلۈك سەۋەبلىرىگە بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەنلىكتۇر.

## تۆتىنچى سەۋەب: ھەمكارلىشىش ۋە بىرلىشىش

تەپرىقچىلىك قالاقلىق ۋە ئارقىدا قېلىشنىڭ سەۋەبلىرىدىن بولغىنىدەك، ھەمكارلىشىش ۋە بىرلىشىش تەرەققىي قىلىش، غەلىبە ۋە ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىشنىڭ يولىدۇر.

①سۈرە بەقەرە 170-ئايەت.

②سۈرە مائىدە 104-ئايەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دىن ئاساسىدا بىرلىشىش دۇنيادىكى پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ ئارزۇسىدۇر. ئىسلام ئۆزىنىڭ توغرا ئەقىدىسى، ساپ ئىبادىتى ۋە گۈزەل ئەخلاقى بىلەن، پۈتۈن مۇسۇلمانلارنى ئايرىلماستىن ئاللاھنىڭ دىنىغا چىڭ ئېسىلىشقا چاقىرىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ھەممىڭلار ئاللاھنىڭ دىنىغا چىڭ ئېسىلىڭلار، ئايرىلماڭلار. ئاللاھنىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىنى ئەسلەڭلار، ئۆز ۋاقتىدا سىلەر ئۆزئارا دۈشمەن ئىدىڭلار، ئاللاھ دىلىڭلارنى بىرلەشتۈردى، ئاللاھنىڭ نېمىتى بىلەن ئۆزئارا قېرىنداش بولدۇڭلار، سىلەر دوزاخ چۇقۇرىنىڭ گىرۋىكىدە ئىدىڭلار، ئاللاھ سىلەرنى (ئىسلام ئارقىلىق) ئۇنىڭدىن قۇتقۇزدى»[1]

ئاللاھتائالانىڭ دىنىغا چىڭ ئېسىلىش ئاللاھ تائالانىڭ كىتابى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە تولۇق ئەمەل قىلىش بىلەن بولىدۇ.

بىرلىشىش شەرىئەتنىڭ تەلەپ ۋە مەقسەتلىرىدىن، غەلىبە ۋە ئۈستۈنلۈكنىڭ مۇھىم سەۋەبلىرىدىندۇر.

بىرلىشىش ئۈچۈن ئوقۇغۇچىلار، دەۋەتچىلەر، يېتەكچىلەر ۋە ئۆلىمالار ئارىسىدا كۈچلۈك مۇناسىۋەت ئورنىتىلىشى لازىم.

شەيخ سەئدىي رەھىمەھۇللاھ مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزئارا ھەمكارلىششى ۋە بىرلىششنىڭ پەرزلىكىگە «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىس شەرىپلەردىن نۇرغۇن دەلىللەرنى بايان قىلغاندىن كېيىن مۇنداق دەيدۇ: «مۇسۇلمانلارنى بىرلەشتۈرۈشكە تىرىشىش ئەڭ ئۇلۇغ جىھاد ھېسابلىنىدۇ»[2]

ھەقىقەتەن مۇسۇلمانلارنىڭ دىللىرىنى، سەپلىرىنى بىرلەشتۈرۈش ئەڭ ئۇلۇغ جىھادتۇر. چۈنكى بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ئىززەت شەرىپىنى قولغا كەلتۈرۈشتىكى ۋە ئاللاھتائالانىڭ شەرىئىتىنى ھۆكۈمران قىلىشتىكى ئەڭ مۇھىم قەدەمدۇر.

## بىرلىشىش ئاساسلىرىنى تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

1 ـ ئەقىدە بىرلىكى بولۇش. مۇسۇلمانلار ئەقىدىدە بىرلەشمىسە، ئۇلار ئۈچۈن بىرلىكتىن ئېغىز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. شەخس ۋە جەمئىيەت بىنا قىلىشتا ئەقىدە مۇھىم ئاساس بولىدۇ، ئەقىدە ساپ ۋە پۇختا بولمىسا، بىنا تۈز ۋە مۇستەھكەم بولمايدۇ. غەلىبە ۋە ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىش ئۈچۈن سەپنى بىرلەشتۈرۈش زۆرۈر، سەپنى بىرلەشتۈرۈش ئۈچۈن توغرا ئەقىدە بولۇش لازىم، توغرا ئەقىدىنىڭ مەنبەسى «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىس شەرىپتۇر، «قۇرئان كەرىم»، ھەدىسشەرىپنى توغرا چۈشىنىشنىڭ يولى پەيغەمبەر

[1] سۈرە ئال ئىمران 103 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] وجوب التعاون بين المسلمين، ص5.

ئەلەيھىسسالامنىڭ، ساھابە كىراملارنىڭ، تابىئىنلەرنىڭ ۋە قىيامەتكە قەدەر ئۆلارنىڭ يولىنى تۇتۇپ ماڭغانلارنىڭ يولىدۇر.

2 ـ «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىس شەرىپنى ھۆكۈمران قىلىش قىزغىنلىقى بولۇش. ھەربىر مۇسۇلماننىڭ ئۆزى، ئائىلىسى ۋە جەمئىيىتىگە ئاللاھنىڭ شەرىئىتىنى ھۆكۈمران قىلىشقا قىزغىن بولۇشى بىرلىشىشنىڭ ۋە ئاللاھتائالانىڭ نۇسرىتىگە ئېرىشىشنىڭ مۇھىم قەدىمىدۇر. «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىس شەرىپنى ھۆكۈمران قىلماستىن مۇسۇلمانلار ئۈچۈن نىجاتلىق، ئىززەت، غەلىبە ۋە ئۈستۈنلۈك بولمايدۇ.

3 ـ ئىسلامغا تەۋە بولۇشتا راستچىل بولۇش. بۈگۈنكى كۈندە كۆپلىگەن ياشلار ئۆزلىرىنىڭ ئىسلامىي كىملىكىنى يوقۇتۇپ قويۇپ، تېڭىرقاش ئىچىدە ياشىماقتا. ئىسلامغا تولۇق كىرىشتە ۋە ئىسلامغا تەۋە بولۇشتا راستچىل بولۇشقا چاقىرىق قىلىش سەپنى بىرلەشتۈرۈشنىڭ مۇھىم ئاساسلىرىدىن ھېسابلىنىدۇ.

راستچىل مۇسۇلمان ئىسلامغا مەنسۇپ بولغانلىقى بىلەن پەخىرلىنىدۇ. ھالقىلىق پەيتلەردە ئۆزىنىڭ ئىسلامغا تەۋە ئىكەنلىكىدىن پەخىرلىنىپ، مەن مۇسۇلمان دەپ جاكارلىيالىغان كىشى ياخشى كىشى ھېسابلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھقا (يەنى ئاللاھنىڭ تەۋھىدىگە ۋە تائىتىگە) دەۋەت قىلغان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ۋە ‹مەن ھەقىقەتەن مۇسۇلمانلاردىنمەن› دېگەن كىشىدىنمۇ ياخشى سۆزلۈك ئادەم بارمۇ؟»[1]

4 ـ ھەقىقەت ئۈستىدە ئىزدىنىدىغان بولۇش. بۇ سەپنىڭ بىرلىكىنى كۈچەيتىدىغان مۇھىم ئامىللاردىن بولۇپ، دىلى ساغلام ئىخلاسمەنلەرنىڭ مۇھىم ئالامەتلىرىدىندۇر. ئاللاھ تائالا ھەقىقەت بىلەن باتىل ئوتتۇرىسىدا ئۈچىنچى بىر مەنزىلنىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ھەقىقەتتىن قالسا، گۇمراھلىقتىن باشقا نەرسە مەۋجۇت ئەمەس»[2]

ھەقىقەت ئۈستىدە ئىزدىنىشتە گۇمان ـ پەرەزلەر كۇپايە قىلمايدۇ، چوقۇم ئىشەنچ بولۇش لازىم. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «پەرەز دېگەن ھەقىقەتنى ئىسپاتلاشتا ھەقىقەتەن ھېچ نەرسىگە يارىمايدۇ»[3]

«قۇرئان كەرىم»، ھەدىس شەرىپتىن دەلىلى بولغان يول ھەقىقەت بولۇپ، ئاللاھتائالانىڭ يولىدۇر، ئاللاھ تائالانىڭ يولىغا ئەگەشكەنلەرگە قورقۇنچ ۋە غەم ـ قايغۇ بولمايدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «يولۇمغا ئەگەشكەنلەرگە (ئاخىرەتتە) قورقۇنچ ۋە غەم ـ قايغۇ بولمايدۇ»[4]

5 ـ ئاللاھ يولىدا قېرىنداش بولۇش. بۇ سەپنى بىرلەشتۈرىدىغان، كۈچنى

---

[1] فۇسسىلەت 33 ـ ئايەت.

[2] سۈرە يۇنۇس 32 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[3] سۈرە يۇنۇس 36 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[4] سۈرە بەقەرە 38 ـ ئايەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى uyghurkitap.com

مەركەزلەشتۈرىدىغان مۇھىم ئاساس ھېسابلىنىدۇ. قېرىنداشلىق ئاللاھ تائالانىڭ ئىخلاسمەن بەندىلىرىگە بېرىدىغان ئېھسانىدۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ سېنى ئۆزىنىڭ ياردىمى بىلەن ۋە مۆئمىنلەر بىلەن كۈچلەندۈردى. ئاللاھ مۆئمىنلەرنىڭ دىللىرىنى بىرلەشتۈردى. سەن يەر يۈزىدىكى پۈتۈن بايلىقنى سەرپ قىلىپمۇ ئۇلارنىڭ دىللىرىنى بىرلەشتۈرەلمەيتتىڭ، لېكىن ئاللاھ (ئۆزىنىڭ كامىلقۇدرىتى بىلەن) ئۇلارنى ئىناق قىلدى. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر»[1]

ئاللاھ يولىدىكى قېرىنداشلىق مۇھەببەت، كۆيۈنۈش، ھۆرمەت ۋە ئىشەنچ تۇيغۇسى بېرىدىغان ئىمانىي كۈچتۇر، قېرىنداشلىق نېمىتى بېرىلگەن كىشىلەرلا ئىمان ھالاۋىتىنى تېتىيالايدۇ.

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىنى ناھايىتى گۈزەل بىر شەكىلدە مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ: «مۇھەممەد ئاللاھنىڭ رەسۇلىدۇر، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغان مۆئمىنلەر كاپىرلارغا قاتتىقتۇر، ئۆزئارا كۆيۈمچاندۇر، ئۇلارنى رۇكۇ قىلغان، سەجدە قىلغان ھالدا كۆرىسەن. ئۇلار ئاللاھنىڭ پەزلىنى ۋە رازىلىقىنى تىلەيدۇ، ئۇلارنىڭ يۈزلىرىدە سەجدىنىڭ ئەسىرىدىن نىشانلار بار»[2]

ئاللاھ يولىدىكى قېرىنداشلىق مۇسۇلمانلارنىڭ باشلىرىغا كەلگەن بالايىئاپەتلەر ئالدىدا سۇپاتلىق بولۇشىنىڭ ۋە سەپنى مۇستەھكەملەشنىڭ مۇھىم ئاساسلىرىدىندۇر.

ئاللاھ يولىدىكى قېرىنداشلىقنى كۈچەيتمەي تۇرۇپ ھەمكارلىق ۋە بىرلىكنى كۈچەيتكىلى بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۇنجى بولۇپ ساھابىلىرى ئارىسىدا ئەمەلىي ۋە كۈچلۈك قېرىنداشلىق ئورنىتىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن ۋە ئىسلام ئەقىدىسىنى قېرىنداشلىقنىڭ ئاساسى قىلىپ بېكىتكەن.

ئاللاھ يولىدىكى قېرىنداشلىق نىجاتلىقنىڭ ئاچقۇچى ۋە كۈچلىنىشنىڭ سىرىدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىرى ئارىسىدا ئورناتقان بۇ قېرىنداشلىق قۇرۇق شوئار بولماستىن، بەلكى ساھابىلارنىڭ ھاياتىدا ئەمەلىي تەتبىقلانغان ئەمەلىيەت بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۈچلىنىشىنىڭ ۋە غەلىبە قىلىشىنىڭ مۇھىم سەۋەبلىرىدىن بولغان.

بىرلىشىشنىڭ يەنە ئىلمىلىك بولۇش، ئىخلاسمەن بولۇش قاتارلىق «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىسشەرىپلەردە بايان قىلىنغان نۇرغۇن ئاساسلىرى بار.

- داۋامى كېيىنكىساندا...

[1] سۈرە ئەنفال 62 ـ، 63 ـ ئايەتلەرنىڭ بىر قىسمى.

[2] سۈرە فەتھ 29 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.




1923 ـ يىلى تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ يېڭى ئىدېئولوگىيە ئاساسىدىكى قانۇن تۈزۈملىرى بۇ تېرروتورىيەدە ياشاۋاتقان تۈرك مۇسۇلمانلىرىنىڭ ھاياتىدا ناھايىتى چوڭ ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلدۇ. چۈنكى بۇلار ئاۋۋال سەلجۇقلار، كېيىن ئوسمانىيلار بولۇپ، 9 ئەسىردىن بۇيان خەلىپىلىك تۈزۈمى ئاستىدا ياشاپ كېلىۋاتقان بولۇپ، ئۇلار ئۆچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا دىنىي، سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەپتىن ئۆزلىرىنىڭ بارلىق قىممەت قاراشلىرىدىن ۋاز كېچىشكە توغرا كېلىۋاتقان ئىدى. يەنىمۇ ئوچۇق قىلىپ ئېيتقاندا «تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى» دۆلىتىنىڭ سېكۇلارىزىم ئىقىمىدىكى ئاز سانلىق يۇقىرىلىرى ئاشۇ ئەركىن ۋە دېموكراتىك دۆلەتنىڭ كۆپ سانلىق پۇقرالىرىنى، قورال كۈچى ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ بارلىق قىممەتقاراشلىرىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇرلايدىغان بىر ئەھۋال بارلىققا كەلدى.

1924 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئوسمانىيلار خەلىپىلىك تۈزۈمىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، تۈركىيە بۈيۈك مىللەت مەجلىسى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان 431 ـ نومۇرلۇق قانۇنغا ئاساسەن ئوسمانىيلار پادىشاھلىقىنىڭ بارلىق ئائىلە ئەزالىرى تۈركىيە سىرتىغا پالىنىدۇ. دىنىي ئىشلار نازارىتى، شەرئىي مەھكىمىلەر، ۋەخپىي مۈلۈكلەرنى باشقۇرۇش نازارىتى، مەزكۇر نازارەتكە تەۋە بارلىق دىنىي مەدرىسىلەر، قارىخانىلار ۋە مەكتەپلەر ئەمەلدىن قالدۇرۇلدۇ. مەسجىدلەردە ھەتتا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۆيلەردە قانۇنسىز دىنىي دەرس ۋە قۇرئان ئۆگىتىش ئىشلىرى چەكلىنىدۇ. بارلىق دىنىي تەشكىلاتلار، ۋەقپىلەر ۋە جەمئىيەتلەر تاقىلىدۇ. مائارىپ سىستېمىسىدا ئىسلاھات قانۇنىغا ئاساسەن پۈتۈن مەكتەپلەردە ئىسلامىي دەرسلىكلەر چەكلىنىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا مىللەتچىلىك ۋە سېكۇلارىزىم ھەممە غەرب مائارىپ سىستېمىسى ئاساسىدىكى يېڭىچە مائارىپ سىستېمىسى يولغا قويۇلىدۇ. 1925-يىلى 11-ئاينىڭ 25-كۈنى ئاۋۋال دۆلەت كادىرلىرىنىڭ دۆلەت ئورۇنلىرىدا كاستۇم بۇرۇلكا بىلەن شەپكە كىيىشى شەرت قىلىنىدۇ، كېيىنچە پۈتۈن تۈرك پۇقرالىرىنىڭ كوچىلاردا شەپكە كىيىش قانۇنى يولغا قويۇلىدۇ. ئەرلەر ئۈچۈن ساقال قويۇش، ئاياللار ئۈچۈن يۈزنى يېپىش ۋە دۆلەت ئورۇنلىرىدا بېشنى يۆگەش قاتارلىقلار چەكلىنىدۇ. ئاياللارغا ئەركىنلىك ئاتالغۇسى ئاستىدا ئەرلەر بىلەن تەڭ باراۋەرلىك، ئىدارە جەمئىيەتلەردە بىرلىكتە ئىشلەش ھەممە مەكتەپلەردە ئارىلىشىپ ئوقۇش دېگەندەك تۈزۈملەر يولغا قويۇلىدۇ. 1926-يىلى تۈرك مەدەنىي قانۇنلىرى ۋە جازا قانۇنلىرى قوبۇل قىلىنىپ، دىنىي زاتلارنىڭ قانۇن ئىشلىرىغا ئارىلىششى قەتئىي چەكلىنىدۇ.

1928-يىلى 4-ئاينىڭ 11 كۈنى تۈركىيە ئاساسى قانۇنىغا ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلۈپ «تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى دۆلىتىنىڭ دىنى ئىسلامدۇر» دېگەن ماددا ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ تۈركىيىنىڭ سېكولارىزىم دۆلىتى ئىكەنلىكى ئوچۇق جاكارلىنىدۇ. خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا فرانسىيىدە يۈز بەرگەن مەدەنىيەت ئىنقىلابىي ۋە دىنىي ئىسلاھات نەتىجىلىرى ئاساس قىلىنغان مەزكۇر يېڭىلىق ھەرىكىتىدە تۈركىيە خەلق ئاممىسىنىڭ دىنىي، ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي جەھەتتىن يېڭىلىنىشى كۇپايە قىلمايدۇ، بەلكى ئۇلارنىڭ كىيىم كېچەكلىرىدىن باشلىغان تاشقى دۇنياسىنىڭمۇ يېڭىلىنىشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

1928-يىلى 11-ئاينىڭ 1-كۈنى ئوسمانىيلا زامانىدا قوللانغان ئەرەپ يېزىقىنى لاتىنچىغا ئۆزگەرتىش دولقۇنى قوزغىلىدۇ. 1932-يىلى تۈرك تىلىنى ئەرەپ ۋە باشقىمۇ چەتئەل تىللىرىدىن تازىلاش قانۇنى يولغا قويۇلىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا ئىبادەتلەرنىڭمۇ تىلى تۈركچە بولۇشى كېرەك دېگەن قانۇنغا ئاساسەن ئەزان ۋە تەكبىرلەرمۇ تۈركچە ئوقۇلۇشقا باشلايدۇ. ھەتتا ناماز سۈرىلىرى ۋە زىكىر-تەسبىھلىرىمۇ تۈركچە تەرجىمىلەر ئارقىلىق ئوقۇلۇشقا باشلايدۇ. 1934-يىلى 12-ئاينىڭ 3-كۈنى قايسى دىنغا مەنسۇپ بولسا بولسۇن پۈتۈن دىنىي رەھبەرلەرنىڭ ئىبادەتخانىلار سىرتىدا دىنىي كىيىم - كېچەك كىيىشى، جۇملىدىن مەسجىد ئىماملىرىنىڭ ۋە بارلىق پۇقرالارنىڭ

كوچىلاردا تون، سەللە ۋە باشقىمۇ ئىسلامىي كىيىم ـ كېچەكلەرنى كېيىپ مېڭىشى چەكلىنىدۇ. كۆپلىگەن مەسجىدلەر خارابىلىققا يۈزلەنسە يەنە كۆپلىگەن مەسجىد ۋە مەدرىسىلەر ھەرخىل ئامبارلارغا ئايلىنىدۇ.

1938 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى جۇمھۇر رەئىسى بولۇپ سايلانغان ئىسمەت ئىنۆنۈ جۇمھۇرىيەت خەلق پارتىيىسىنىڭ پەۋقۇلئاددە قۇرۇلتىيى جەريانىدا ئۆمۈر بويى ئۆزگەرمەس رەئىسلىك مەنسىپى بىلەن بىرگە خەلق قەھرىمانى ۋە رەھبىرى ئۇنۋانىغا ئىگە بولغاندىن كېيىن يۇقىرىقى قانۇن ـ تۈزۈملەرنى تېخىمۇ چىڭكىدىن ئاشۇرۇپ ئىجرا قىلىشقا باشلايدۇ. دېمەك: يۇقىرىقى ئەھۋاللار 1950 ـ يىللىرى جۇمھۇرىيەت خەلق پارتىيىسى ئاممۇۋى سايلامدا مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان كۈنگىچە بىر خىل داۋام قىلدۇ.

## 10 يىللىق ئىسلاھاتتىن كېيىنكى قايغۇلۇق يىللار

1946 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى جالال بايىر ۋە ئەدنان مەندەرىس قاتارلىق رەھبەرلەر جۇمھۇرىيەت خەلق پارتىيىسىدىن ئايرىلىپ چىقىپ دېموكراتىيە پارتىيىسىنى قۇرۇپ چىقىدۇ ۋە شۇ يىلى ئۆتكۈزۈلىدىغان ئاممۇۋى سايلامغا قاتنىشىش ئارقىلىق پارلامېنتدە 61 ئورۇنغا ئىگە بولىدۇ.

1950 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنىدىكى 2 ـ نۆۋەتلىك ئاممۇۋى سايلامدا 396 ئورۇننى ئىگىلىگەن دېموكراتىيە پارتىيە مەسئۇللىرىدىن جالال بايىر تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ 3 ـ جۇمھۇر رەئىسى ۋە ئەدنان مەندەرىس بولسا تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ 9 ـ باش مىنىستىرى بولۇپ، ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە كۆپلىگەن مەيدانلاردا ئىسلاھات ئېلىپ بارىدۇ. جۈملىدىن ئەرەبچە ئەزان ئوقۇشقا ۋە ناماز سۈرىلىرىنى ئەرەبچە ئوقۇشقا رۇخسەت قىلىنىدۇ. باشلانغۇچ مەكتەپلەردە دىنى دەرسلەر يولغا قويۇلىدۇ. ئىمام خاتىپ ئورتا مەكتەپلىرى بىلەن بىرگە دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدە ئىسلام دەرسلىرى (ئىلاھىيەت) بۆلۈملىرى ئېچىلىدۇ. دۆلەت رادىيولىرىدا قۇرئان تىلاۋىتىگە ۋە دىنىي ۋەز ـ نەسىھەتلەرگە رۇخسەت قىلىنىدۇ. مەزكۇر دېموكراتىيە پارتىيىسى 1954 ـ ۋە 1957 ـ يىللىرى ئۆتكۈزۈلگەن ھەر ئىككى ئاممۇۋى سايلاملاردىمۇ يەنىلا بىرىنچىلىكنى ئىگىلەپ ئىسلاھات پىلانلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تىرىشىۋاتقان بىر مەزگىلدە ھەربىي سىياسى ئۆزگىرىش يۈز بېرىدۇ.

بىر تەرەپتىن يېڭى ئىسلاھاتلارغا قارشى تۇرغان بەزى مەسئۇللارنىڭ نامەلۇم ياشلارنىڭ ھۇجۇملىرىغا ئۇچراش ۋەقەلىرىنى، يەنە بىر تەرەپتىن ئەنقەرەدىكى ھەربىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ھۆكۈمەتكە قارشى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تىنچلىق نامايىشلىرىنى باھانە قىلغان بەزى قوراللىق قىسىم مەسئۇللىرى، 1960-يىلى 5-ئاينىڭ 27-كۈنى ھەربىي سىياسىي ئۆزگىرىش ئېلىپ بېرىپ ھاكىمىيەتنى ئىگىلەيدۇ. بۇ ۋەقە تۈركىيەدە «27 ماي ۋەقەسى» دەپ ئاتىلىدۇ. مەزكۇر ھەرىكەتتە تۈرك خەلق ئاممىسى تەرىپىدىن سايلانغان باش مىنىستىر ئەدنان مەندەرىس، دىپلوماتىيە مىنىستىرى پاتىنرۇشتۇزورلۇ، مالىيە مىنىستىرى ھەسەن پولاتقان قاتارلىقلارغا ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلىنىدۇ. دۆلەت رەئىسى جالال باير قاتارلىق يۈزلەرچە پارلامېنت ئەزالىرى مۇددەتسىز ۋە مۇددەتلىك قاماق جازالىرىغا ھۆكۈم قىلىنىدۇ. بۇ ۋەقەلەر خەلق ئاممىسىنى ۋە بولۇپمۇ دىندار مۇسۇلمانلارنى چوڭقۇر غەم ئەندىشىگە چۆمدۈرىدۇ.

تولىمۇ ئەپسۇسلىنارلىق يېرى شۇكى: 1990-يىلى 11-ئاپرېل كۈنى تۈركىيە بۈيۈك مىللەت مەجلىسى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان يېڭى قانۇنغا ئاساسەن ئەدنان مەندەرىس ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرىغا ئىجرا قىلىنغان ئۆلۈم جازالىرىنىڭ خاتا بولۇپ قالغانلىقى ئېتىراپ قىلىنىپ، ئۇلارنىڭ دەپسەندە قىلىنغان نام شەرەپلىرى ئەسلىگە كەلتۈرۈلىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ جىنازىلىرى ئىمرالى تۈرمىسى قەبرىستانلىقىدىن ئىستانبۇلدىكى رەسمىي دۆلەت قەبرىستانلىقىغا ھەربىي مۇراسىملار ئارقىلىق يۆتكىلىدۇ.

## تۈركىيىنىڭ 1-نۆۋەتلىك سىياسىي بوھرانلىق يىللىرى

1960-يىلىدىن باشلاپ 1983-يىلىغىچە بولغان ئارلىق تۈركىيىنىڭ سىياسىي بوھران يىللىرى دەپ ئاتىلىدۇ، چۈنكى بۇ يىللاردا 7 نۆۋەت ھۆكۈمەت ئالمىشىپ، 4 نۆۋەت ھەربىي سىياسىي ئۆزگىرىش يۈز بېرىدۇ. دېموكراتىيە پارتىيىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن، تۈركىيە ئىقتىسادى پەۋقۇلئاددە ئارقىغا چېكىنىش بىلەن بىرگە ھەرتۈرلۈك سىياسىي بوھرانلار بارلىققا كېلىشكە باشلايدۇ. بۇ مەسىلىلەرگە قارىتا چىقىش يولى ئىزدىمەكچى بولغان ھەربىي ھاكىمىيەت مەسئۇللىرى، يېڭى ئاساس قانۇن تۈزۈپ چىقىش ئۈچۈنسىياسىي پارتىيىلەر، ھەرخىل جەمئىيەت ۋە تەشكىلات ۋەكىللىرىدىن تەركىب تاپقان ئاساس قانۇن تۈزۈش ھەيئىتى تەشكىل قىلىدۇ. مەزكۇر ھەيئەتنىڭ تۈزۈپ چىققان يېڭى ئاساسى قانۇنى خەلق ئاممىسىنىڭ رايىنى ئېلىش سايلىمىدىن كېيىن (1961-يىلى 7-ئاينىڭ 9-كۈنى) ئىجرا قىلىنىشقا باشلايدۇ. نەتىجىدە كۆپلىگەن يېڭى سىياسىي پارتىيىلەر ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

بىرنەچچە سىياسىي پارتىيىلەر ئارىسىدا بىرلەشمە ھۆكۈمەتلەر بارلىققا كەلگەن ئۈچۈن كۆپلىگەن مەيدانلاردا ئالغا ئىلگىرلەش بولمايدۇ. 1965-يىلىدىكى ئاممۋىي سايلامدا ئادالەت پارتىيىسى بىرىنچى بولۇپ، ئۇنىڭ رەئىسى

سۈلايمان دېمىرەل 60 - يىللارنىڭ قەھرىمان باش مىنىستىرى سۈپىتىدە خاتىرلىنىدۇ، چۈنكى 1971 - يىلى 3 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئىككىنچى نۆۋەت يۈز بەرگەن ھەربىي سىياسىي ئۆزگىرىش نەتىجىسىدە ئۇنىڭ ھۆكۈمىتى ئىستېپا بېرىدۇ. بۇ ۋەقە تۈركىيەدە «12 مارت ۋەقەسى» دەپ ئاتىلىدۇ. 1973 - يىلى 10 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئۆتكۈزۈلگەن ئاممىۋىي سايلام نەتىجىسىدە جۇمھۇرىيەت خەلق پارتىيىسى بىلەن مىللىي سالامەت پارتىيىسى بىرلەشمە ھۆكۈمىتى بارلىققا كەلگەن بولۇپ، جۇمھۇرىيەت خەلق پارتىيە رەئىسى بۈلەنت ئەجەۋىت 70 - يىللارنىڭ قەھرىمان باش مىنىستىرى سۈپىتىدە خاتىرلىنىدۇ.

1980 - يىلى 9 - ئاينىڭ 12 - كۈنى قۇراللىق قىسىم باش گېنېرالى كەنان ئەۋرەن باشچىلىقىدا يۈز بەرگەن 3 - نۆۋەتلىك ھەربىي سىياسىي ئۆزگىرىش تۈركىيە دە «12 سىنتەبىر ۋەقەسى» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ۋەقە پەۋقۇلئاددە چوڭ سىياسىي بوھرانلارغا يول ئاچىدۇ. بۇ نۆۋەت 1961 - يىلى يېڭىدىن تۈزۈپ چىقىلغان ئاساسى قانۇنمۇ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، 1982 - يىلى 11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى قۇراللىق قىسىم تەرىپىدىن تۈزۈلگەن يېڭى ئاساسى قانۇن ئىجرا قىلىنىشقا باشلايدۇ. كۆپ ساندىكى تەشكىلاتلار، ۋەخپىلەر ۋە جەمئىيەتلەر تاقىۋېتىلىدۇ. كۆپلىگەن سىياسىي پارتىيە رەھبەرلىرى قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىش بىلەن بىرگە سىياسىي پائالىيەتلەردىن چەكلىنىدۇ.

## 80 - يىللارنىڭ قەھرىمان باش مىنىستىرى تۇرغۇت ئۆزال

1950 - يىلى ئىستانبۇل پەن تېخنىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدە ئوقۇش پۈتتۈرگەن تۇرغۇت ئۆزال ئامېرىكىغا بېرىپ بىلىم ئاشۇرۇپ قايتقاندىن كېيىن بىر نەچچە مۇھىم ئورۇنلاردا خىزمەت قىلىدۇ. 1967 - يىلى تۈركىيە دۆلەتلىك پىلان كومىتېتىنىڭ باش مەسلىھەتچىسى بولىدۇ. 1971 - يىلدىن باشلاپ دۇنيا بانكىسىنىڭ سانائەت ئىشلىرى بۆلۈمىنىڭ باش مەسلىھەتچىلىك خىزمىتىگە تەيىنلىنىدۇ. تۈركىيىگە قايتقاندىن كېيىن، 1983 - يىلى 5 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئانا ۋەتەن پارتىيىسىنى قۇرۇپ، شۇ يىلى 11 - ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن ئاممىۋىي سايلامدا 211 ئورۇننى ئىگىلەش ئارقىلىق تۈركىيىنىڭ 19 - باش مىنىستىرى بولىدۇ. ئۇ كۆپلىگەن مەيدانلاردا ئىسلاھاتلار ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق تۈركىيىنىڭ سانائەت ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا ئالاھىدە تۆھپە قوشىدۇ. 1987 - يىلىدىكى ئاممىۋىي سايلامدىن بۇرۇن ئۇمۇمىي خەلق ئاممىسىنىڭ رايىنى ئېلىش سايلىمى ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق ھەربىي سىياسىي ئۆزگىرىش جەريانىدا ئىجرا قىلىنىشقا باشلىغان بارلىق سىياسىي چەكلىمىلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، 1987 - يىلى 11 -

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

ئاينىڭ 2-كۈنى ئۆتكۈزۈلىدىغان ئاممىۋى سايلامغا بارلىق سىياسىي پارتىيە رەھبەرلىرىنىڭ قاتنىشىشىغا يول ئاچىدۇ. مەزكۇر سايلامدا يەنە بىرىنچىلىكنى ئالغان تۇرغۇت ئوزال 1989-يىلى پارلامېنت ئىچىدە ئېلىپ بېرىلغان جۇمھۇر رەئىسلىك سايلامغىمۇ قاتنىشىش ئارقىلىق تۈركىيىنىڭ 8-جۇمھۇر رەئىسى بولىدۇ. 1993-يىلى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى 5 جۇمھۇرىيەتكە قارىتىلغان زىيارىتىدىن كېيىنلا سىرلىق بىر شەكىلدە ۋاپات قىلىدۇ ۋە كېيىنچە ئۇنىڭ زەھەرلەنگەنلىكى ئىسپاتلىنىدۇ.

## يېڭى تۈركىيىگە ئۇل سالغۇچى پىرافسور نەجمەدىن ئاربەكان

1948-يىلى ئىستانبۇل يەن تېخنىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنى ئەلاچى پۈتتۈرگەن نەجمەددىن ئەربەكان 1951-يىلى گېرمانىيىنىڭ ئاچىن تېخنىك ئۇنىۋېرسىتېتىدىن دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشىدۇ. 1956-يىلى تۈركىيىدە 200 كىشىنى شېرىك قىلغان ھالدا يەرلىك ماتور ياسايدىغان «گۈمۈش ماتور فابرىكىسى»نى قۇرۇپ چىقىدۇ. 1965-يىلى 39 يېشىدا پىراپېسسورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشىدۇ. 1969-يىلى مىللىي كۆرەش ھەرىكىتىنى قۇرۇپ چىقىدۇ، ئۇ ھەرىكەتنىڭ مۇددىئاسى مىللىي پايدا مەنپەئەتنى ھەممىنىڭ ئۈستىدە قويۇش ھەمدە ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىشنى ئاساس قىلىشتىن ئىبارەت بولۇپ، 1970-يىلى 1-ئاينىڭ 17-كۈنى مەزكۇر مىللىي مۇددىئا ئاساسىدىكى بىرىنچى پارتىيە «مىللىي نىزام پارتىيىسى»نى قۇرۇپ چىقىدۇ. 1971-يىلى 5-ئاينىڭ 20-كۈنى مەزكۇر پارتىيە تۈركىيە ئاساسىي قانۇن مەھكىمىسى تەرىپىدىن تاقىۋېتىلىدۇ. 1972-يىلى 10-ئاينىڭ 11-كۈنى ئىككىنچى پارتىيە «مىللىي سالامەت پارتىيىسى»نى قۇرۇپ چىقىدۇ. 1973-يىلى 10-ئاينىڭ 14-كۈنى يۈز بەرگەن ئاممىۋى سايلامغا قاتنىشىدۇ ۋە پارلامېنتتا 48 ئورۇننى ئىگىلەش ئارقىلىق دۆلەت مىنىستىرى ۋە باش مىنىستىر ياردەمچىسى قاتارلىق مەنسەپلەرگە ئىگە بولىدۇ. 1980-يىلى يۈز بەرگەن ھەربىي سىياسىي ئۆزگىرىش جەريانىدا قولغا ئېلىنىپ بىر يىل تۈرمىدە يېتىش بىلەن بىرگە 5 يىلغىچە سىياسىي پائالىيەتتىن چەكلىنىدۇ. 1983-يىلى ئۈچىنچى پارتىيە رىفاھ پارتىيىسى قۇرۇلىدۇ. 1987-يىلى بارلىق سىياسىي چەكلىمىلەر ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن، رىفاھ پارتىيىسىنىڭ رەئىسلىكىگە سايلىنىدۇ. 1991-يىلدىكى ئاممىۋى سايلامدا يەنە قايتا پارلامېنتقا كىرىشتە غەلىبە قىلىدۇ. 1995-يىلدىكى ئاممىۋى سايلامدا بىرىنچىلىكنى ئىگىلەپ تۈركىيىنىڭ 54-باش مىنىستىرى بولىدۇ. 1998-يىلى فېۋرال ئېيىدا رىفاھ پارتىيىسى يەنە ئاشۇ ئاساسىي قانۇن مەھكىمىسى تەرىپىدىن تاقىۋېتىلىدۇ. ئەرباكان ئەپەندىمگە قاماق جازاسى ھۆكۈم

قىلىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا 5 يىلغىچە سىياسىي پائالىيەتلەردىن چەكلىنىدۇ. 2003-يىلى 5-ئاينىڭ 11-كۈنى 5 يىللىق سىياسىي پائالىيەت چەكلىمىسى تۈگىگەندىن كېيىن تۈتىنچى پارتىيە «سائادەت پارتىيىسى»نىڭ رەئىسلىكىگە سايلىنىدۇ. شۇ يىلى 12-ئاينىڭ 3-كۈنى پارتىيە ھېسابىدىن يوقالغان بىر تىرىلىيون لىرالىق تۆھمەت داۋاسى سەۋەبىدىن يەنە قايتا تۈرمىگە ھۆكۈم قىلىنغان بولسىمۇ، تەن سالامەتلىكى ياخشى بولمىغانلىقى ئۈچۈن مەزكۇر ھۆكۈمنىڭ كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىنىشى قارار قىلىنىدۇ. 2008-يىلى كەلگەندە جۇمھۇر رەئىسى ئابدۇللاھ گۈل مەزكۇر قاماق جازاسىنى بىكارچى قىلىپ كەچۈرۈم قىلىدۇ. 2011-يىلى يۈرەك كېسىلى سەۋەبىدىن 85 يېشىدا دۇنيا بىلەن خوشلىشىدۇ ۋە مەركەز ئەپەندى قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنىدۇ.

## تۈركىيىنىڭ 2-نۆۋەتلىك سىياسىي بوھرانلىق يىللىرى

1990-يىلى بىلەن 2000-يىلى ئارىسىدىكى 10 يىل ئىچىدە تۈركىيىدە 10 نۆۋەت ھۆكۈمەت ئالمىشىدۇ. سىياسىي پارتىيىلەر ئوتتۇرىسىدىكى بىرلەشمە ھۆكۈمەتلەر نۆۋەت بىلەن ئالمىشىپ تۇرىدۇ. ئىلگىرىكى يىللاردا 6 قېتىم باش مىنىستىر بولغان سۇلايمان دېمىرەل 1991-يىلىدىكى سايلامدا ھەر بىر تۈرك پۇقراسىغا بىر ئۆيىنىڭ ئاچقۇچى بىلەن بىر ماشىنا ئاچقۇچى ۋەدە قىلىش ئارقىلىق 7-نۆۋەت باش مىنىستىر بولىدۇ. 1993-يىلى 22-باش مىنىستىرى سۈپىتىدە خىزمەت باشلىغان تانسۇ چىللەر خانىم بىلەن ھۆكۈمەتتىكى شېرىكى سوتسىيالىست خەلقچى پارتىيىسى مەسئۇلى ئەردال ئىنۆنۈ ئوتتۇرىسىدىكى چىقىشالماسلىق سەۋەبىدىن يەنە ئىقتىسادى كىرىزىس بارلىققا كېلىدۇ. 1995-يىلىدىكى سايلام نەتىجىسىدە رىفاھ پارتىيىسى رەئىسى پىرافىسۇر نەجمىدىن ئەرباقان بىلەن تانسۇ چىللەر خانىم ئوتتۇرىسىدىكى بىرلەشمە ھۆكۈمەت پىلانلىق ھالدا ياخشى خىزمەت قىلىۋاتقان بولسىمۇ 28-فېۋرال ۋەقەسىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى بىلەن تۈركىيە سىياسىتىدە چوڭ قالايمىقانچىلىق يۈز بېرىدۇ.

1997-يىلى 18-ئىيۇل كۈنى رىفاھ پارتىيىسى ھۆكۈمىتى ئىستىپا بېرىدۇ. 30-ئىيۇل كۈنى ئانا ۋەتەن پارتىيىسى رەئىسى مەسئۇت يىلماز يېڭى ھۆكۈمەتنى تەشكىل قىلىپ جۇمھۇر رەئىسىگە تەقدىم قىلىدۇ. 1999-يىلى 4-ئاينىڭ 18-كۈنى بولغان ئاممىۋىي سايلام نەتىجىسىدە تۈركىيە مىللەتچى پارتىيىسى، دېموكراتىك سوتسىيالىستىك پارتىيىسى ۋە ئانا ۋەتەن پارتىيىسى قاتارلىق 3 سىياسىي پارتىيە ئوتتۇرىسىدا بىرلەشمە ھۆكۈمەت بارلىققا كېلىدۇ. جۇمھۇر رەئىسى ئەھمەت نەجدەت سەزەرنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى باش مىنىستىر بۈلەنت ئەجەۋىدنىڭ ئالدىغا ئاساس قانۇن كىتابىنى ئېتىشى ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا چىققان سىياسىي كىرىزىسلەر

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتىن www.uyghurkitap.com

سەۋەبىدىن تۈركىيەدە چوڭ ئىقتىسادىي كرىزىسس بارلىققا كېلىدۇ.

## 28-فېۋرال ھەربىي سىياسىي ئۆزگىرىشى

1997-يىلى 2-ئاينىڭ 28-كۈنى تۈركىيە مىللىي ئامانلىق ئالىي كېڭەش ھەيئىتىنىڭ يىغىنىدىن كېيىنلا ئۇرۇن ئالغان ھەربىي سىياسىي ئۆزگىرىش«28-فېۋرال ۋەقەسى»دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ۋەقە تۈركىيىنىڭ سىياسىي تارىخىدا ئۇنتۇلماس بىر قارا داغ قالدۇرۇش بىلەن بىرۋاقىتتا تۈركىيىدە سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە ھوقۇقى مەيدانلاردا ناھايەت چوڭ ئۆزگىرىشلەرنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ھەمدە يېڭى بىر باسقۇچنىڭ باشلىنىشىغا يول ئاچىدۇ. دىندار مۇسۇلمانلار بىلەن لايىقلىق (دىنسىزلىق) پىكرىدە چىڭ تۇرغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى سىياسىي جەڭلەنى تېخىمۇ كەسكىنلەشتۈرىدۇ. بۇ ئېچىنىشلىق ۋەقەنىڭ باشلىنىشى مىللىي كۆرەش ھەرىكىتىنىڭ لىدىرى نەجمىدىن ئەرباقان رىياسەتچىلىكىدىكى رىفاھ پارتىيىسىنىڭ 1995-يىلىدىكى ئاممۇۋىي سايلامدا بىرىنچىلىكنى ئىگەللىشى ۋە ئۇنىڭ تۈركىيە باش مىنىستىرى سۈپىتىدە خىزمەتكە باشلىشى بىلەن باشلىنىدۇ. بەزىبىر ھەربىي مەسئۇللار ۋە سولچى پارتىيە رەھبەرلىرى ھەرخىل ئاساسسىز ئەندىشە ۋە ۋەھىمىلەرگە چۆمگەن ھالدا ھەرخىل ئىغۋالارنى تارقىتىشقا باشلايدۇ. يۇقىرى سوت مەھكىمە مەسئۇللىرى ھەتتا سودا سانائەت بىرلىكى (تۈسىيات) مەسئۇللىرىمۇ ئاممۇۋىي يىغىنلاردا نەجمىدىن ئەرباقاننىڭ شەرىئەت قانۇنلىرى ئىجرا قىلىش نىيىتى بارلىقىنى سۆزلەشكە ۋە قەرەلسىز ھالدا قايتىدىن سايلام ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىلىشقا باشلايدۇ. ئۇنىڭ ئىران، لىبىيە، نىگىرىيە قاتارلىق چەتئەل دۆلەتلىرىگە قاراتقان زىيارەتلىرى ھەققىدىمۇ ھەرخىل قارىمۇ قارشى پىكىرلەر ۋە ئاساسسىز ئىغۋالار تارايدۇ. بىر نەچچە ئۇنىۋېرسىتېتى يۇقىرى دەرىجىلىك مەسئۇللىرى ھەممە بىرلىكتە ھۆكۈمەت سىياسىتىگە قارشى دوكلات ئېلان قىلىدۇ. 11-فېۋرال كۈنى ئەنقەرەدە ئاياللار شەرىئەتكە قارشى نامايىش ئۆتكۈزىدۇ. 1997-يىلى رامىزان ئېيىدا باش مىنىستىرلىق ئىشخانىسىدا چوڭ ئىپتارلىق زىياپىتى بېرىلىشى، ئۇنىڭغا تۈركىيەدىكى بارلىق تەرىقەت شەيخلىرىنىڭمۇ دەۋەت قىلىنىشى، تەقسىم مەيدانىغا مەسجىد بىنا قىلىش، ئاياسوفيا مەسجىدىنىڭ مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئىبادەتكە ئېچىلىشى قاتارلىق گېزىت خەۋەرلىرىنى باھانە قىلغان يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىي مەسئۇللىرى 28-فېۋرال كۈنى مىللىي ئامانلىق ئالىي كېڭەش يىغىنىنى چاقىرىپ مەزكۇر ئېچىنىشلىق قارا ھەرىكەت پىلانىنى تەستىقتىن ئۆتكۈزىدۇ ۋە يېڭى قارارلار ئېلان قىلىدۇ.

بۇ قېتىمقى ھەربىي سىياسىي ئۆزگىرىش مېدىيە ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، پۈتۈن ۋەقەنىڭ بېشى

ئاساسسىز خەۋەرلەر بىلەن باشلىنىپ ئاخىرى يەنە ئاشۇنداق ئايىغى يوق خىيالى ئىجادىي ۋەھىمىلەر بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. بەزى ھەربىي مەسئۇللار «28-فېۋرال ۋەقەسى»نىڭ دېموكراتىيە تۈزۈمىدىكى تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاپ قىلىش ئۈچۈن بارلىققا كەلگەنلىكىنى ئىزاھلىغان بولسىمۇ، مەزكۇر ئاتالمىش تەڭپۇڭلۇق قورال كۈچى ۋە تانكىلار ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن بولىدۇ. بىر كىچىدىلا تانكىلار ۋە قوراللىق قىسمىغا ئائىت ئېغىر تىپتىكى زەمبىرەكلەر بىراقلا ئەنقەرە كوچىلىرىدا ئايلىنىشقا باشلايدۇ. دېڭىز ئارمىيە مەسئۇللىرىدىن بىرى ۋەتەن ئىچىدەمۇقىملىقنى قوغداش، چېگرا سىرتىدىكى تېررورىستلارنى تازىلاشتىنمۇ مۇھىم دېگەن مەزمۇندا نۇتۇق سۆزلەيدۇ. سېكۇلارىزىم ھەققىدە بىر نەچچە تۈرلۈك يېڭى قانۇنلار قارار قىلىنىپ باش مىنىستىر نەجمىدىن ئەرباقانغا مەجبۇرى ئىمزالىتىلىدۇ. ئاخىرىدا دېموكراتىك ئاممىۋي سايلام ئارقىلىق سايلانغان تۈركىيەنىڭ 23-باش مىنىستىرى نەجمىدىن ئەرباقان ۋە ئۇنىڭ مۇئاۋىنى تانسۇچىللەر خانىم ھۆكۈمەتنى قوراللىق قىسىم تەرىپىدىن ئىستېپا بېرىشكە مەجبۇرلىنىدۇ.

رىفاھ پارتىيىسى تاقىۋېتىلگەندىن كېيىن، تۈركىيە ئىقتىسادىدا پەۋقۇلئاددە ئارقىغا چېكىنىدۇ. دۆلەت خەزىنىسىگە نەچچە ئون مىلىيارت دوللار زىيان بولىدۇ. كۆپىنچە بانكىلار زىيانغا ئۇچراپ تاقىلىشقا باشلايدۇ. مۇھىم ھەربىي گېنېراللاردىن بىرى بولغان ھۈسەيىن قىۋرىقچى ئوغلى 28-فېۋرال ھەرىكىتىنىڭ يەنە مىڭ يىل داۋام قىلىدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن بولسىمۇ 5 يىل كېيىن (2002-يىلى) ئاللاھنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن ھازىرقى جۇمھۇر رەئىسى رەجەپ تەييىپ ئەردوغاننىڭ تۈركىيە 25-باش مىنىستىرى بولۇپ خىزمەتكە باشلىشى بىلەن يېڭى تۈركىيە، يېڭى ئۆزگىرىشلەر ۋە يېڭى باسقۇچلار باشلىنىدۇ.

- داۋامى كېلەركى ساندا...

پايدىلانغان مەنبەلەر:

(www.osmanli700.gen.tr)
www.kamusaatı.com
www.oncevatan.com.tr
جلالسلمي ـ خاص تركبرس
Dr. Vahit Çabuk, :(1)
Hedefteki Sultan II.
Abdülhamit, Truva
Hilmi Uran, :(2)
MeşrutiyeTek Parti Çok
Parti Hatıralarım

www.uyghurkitap.com

# بايلىق قەيەردە، بايلارچۇ...!



ھەببۇللا تەكلىماكانى

بىز ئىمتىھان دۇنياسىدا ياشاۋاتقانلىقىمىز ئۈچۈن، ھەر خىل باسقۇچلۇق ۋە پەسىللىك ئىمتىھانلارغا قاتنىشىپ تۇرۇشىمىز تەبىئىي بولىدىكەن. ھەر قېتىملىق ئىمتىھان ئاياغلاشقاندا ئىمتىھاندىن ئىلگىركى تەييارلىق خىزمەتلىرىمىزنى بىر قاتار خۇلاسىلەش ئارقىلىق كەتكۈزۈپ قويغان يەرلەرنى تېپىپ چىقىپ يەنە ئالدىمىزدا بىزنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقان ئىمتىھانلارغا ياخشى ئاساس سالىدىغان تەجرىبىگە ئىگە بولىدىكەنمىز. بۇ كىچىك ئىمتىھانلاردىن مەقسەت، بىزنى ئەڭ ئاخىرقى ھەل قىلغۇچ ئىمتىھانغا يېتىلدۈرۈش. شۇ ئارقىلىق بىزنى غەپلەت ئۇيقۇمىزدىن ئويغىتىپ، بىزگە جەڭ ئېلان قىلىۋاتقان ھەل قىلغۇچ ئىمتىھاننى ئەسلىتىش ۋە خاتالىقلارنى تەكرار سادىر قىلىشتىن ساقلاپ قېلىش بولىدۇ ئەلۋەتتە. چۈنكى ئىنسان پەرىشتىلەرگە ئوخشاش خاتالاشمايدىغان ۋە مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىدىغان شەكىلدە يارىتىلمىغاچ، ئەسلىتىشكە، يېتەكلەشكە ۋە ۋاقتى كەلگەندە قاتتىقراق ئاگاھلاندۇرۇشقا مۇھتاج بولىدىكەن. شۇڭلاشقىمۇ دۇنيادا خاتالاشمايدىغان ئىنسان يوق. ئەمما خاتالىقىدىن دەرس ئالمايدىغان، شۇ بىر خاتانى ئوخشاش شەكىلدە تەكرار قىلىدىغان ئىنسانلار ئەتراپىمىزدا ئىنتايىن كۆپ.

دەل مۇشۇنداق كىشىلەر پەسىللىك ئىمتىھاندا مەغلۇپ بولۇپ، ئاخىرقى ئىمتىھانغا ئاقىۋىتىنىڭ نېمە بولىشىدىن قەتئىينەزەر قۇرۇق كاللىسى بىلەن

بارىدىغان كىشىلەردۇر. لېكىن ئىرادىسى كۈچلۈك، خاتالىقتىن دەرس ئالىدىغان، مەغلۇبىيەتكە تەن بەرمەيدىغان كىشىلەر يەنىلا ئۆزىنى تۈزەشتۈرۈپ، يىقىلغان يەردە ئورنىدىن تۇرۇپ ھاياتنىڭ ئاخىرقى نىشانى ئۈچۈن ئۈزلۈكسىز تىرىشىدۇ ۋە ئۇلار نىشانىغا يېتىدۇ. بۇنداق كىشىلەر قېرىنداش قەلەمنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇ. ئادەتتە قېرىنداش قەلەم سۇنغان يېرىدىلا تاشلىۋېتىلمەستىن بەلكى يەنە قەلەمتىراش ئارقىلىق ئۈچلىنىپ يېزىشتىن ئىبارەت خىزمىتىنى داۋام قىلىدۇ. ئەگەر قېرىنداش قەلەم سۇنمىسا قەلەمتىراش بىلەن قىرىلمايدۇ. شۇنىڭغا ئوخشىغان بىزمۇ مەغلۇپ بولمىساق ھاياتلىق بىزنى ئاچچىق دەرسلىرى بىلەن سۇندۇرمايدۇ. بىز بۇ يەردە بەزى قېرىنداشلىرىمىزنى قېرىنداش قەلەمگە ئوخشاش قىرىپ، يەنە ئۆزىنىڭ ئەسلىدە ئادا قىلىشقا تېگىشلىك خىزمىتىگە ئاتلىنىشىغا، شۇ ئارقىلىق ئۆتمۈشىدىكى خاتالىقنى ئۈچۈرۈشكە ئىلھام بېرەلىسەك، ئۆزىمىزنى چەكسىز بەخت ئىچىدە ھېس قىلىمىز. چۈنكى ئاللاھ سۈرە ھۇدنىڭ 114 ـ ئايىتىدە مۇنداق دەيدۇ: «ھەقىقەتەن ياخشىلىقلار يامانلىقلارنى ئۆچۈرۈۋېتىدۇ».

ئۇنداقتا، يۇقىرىدىكى ئوخشىتىشلاردىن بىز نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىمىزنى تۆۋەندىكى ئاچچىق ئەمما ئەمەلىي ۋەقەلىكلەردىن چۈشۈنۈپ باقايلى. ھازىر بىز ئۇيغۇرلارنىڭ بەزىلىرىمىز پەسىللىك بەزىلىرىمىز ھەل قىلغۇچ ئىمتىھانغا قاتنىشىپ بولدۇق. ھەل قىلغۇچ ئىمتىھانغا قاتناشقانلار بىز بىلەن مەڭگۈلۈككە خوشلاشقانلاردۇر. ئەمما پەسىللىك ئىمتىھانغا قاتناشقانلار ھايات قالغانلاردۇر. ئىنسان ھاياتىنىڭ باشتىن ئاخىرىغىچە ھەممىسى ئىمتىھان. ئەمما بىز بۇ يەردە ئىمتىھاننىڭ بىر تۈرى بولغان بايلىق بىلەن ئىمتىھان قىلىنغان ساۋاقداشلىرىمىز توغرىسىدا توختالماقچى. چۈنكى بىز مۇلاھىزىمىزنىڭ ئالدىنقى ساندا بۇ توغرىسىدا مۇقەددىمە شەكلىدە توختىلىپ ئۆتۈپ كەتكەن ئىدۇق. بۈگۈن چىسلاغا 2018 ـ 05 ـ 15 كۈنى ئىكەن. ھازىرغا كەلگۈچىلىك ۋەتەندە قەپقالغان بايلىرىمىزنىڭ ھېچقايسىسىنىڭ ئىز ـ دېرىكى يوق. ئۇلار باشقىلار كىرىپ قالسا بىز قۇتۇلدۇرىمىز دەپ ئويلايدىغان يەرلەردە ئۆزلىرى يېتىۋاتىدۇ. ئاللاھ پۈتۈن قېرىنداشلىرىمىزنى ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن! مەنچە ئۇلارنىڭ شۇ يەرگە كىرگەن ۋاقتىتا تۈنجى قىلغان پۇشايمىنى خاتىرجەم ۋاقتىتا پۇلنى ياخشى يوللارغا خەجلىگەن ـ خەجلىمىگەنلىكىگە قارىتا بولىدۇ. بەزىلەر پۇلنى دوست تۇتقانلىقى ۋە دوستىنى قوغداش ئۈچۈن ئاللاھ چەكلىگەن يوللار بىلەن سەۋەپ ئىزدەپ دۈشمەننى دوست تۇتقانلىقىدىن

پۇشايمان قىلسا، بەزىلەر پۇل سەۋەپلىك قىلغان ھەر خىل بولمىغۇر جىنايەتلىرىدىن پۇشايمان قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا شۇنداق پۇشايمان قىلىدىغانلارمۇ بار. نىمە ئۈچۈن ياخشى يوللارغا تېخىمۇ كۆپ ھەتتا بارلىق مال-دۇنيارىمنى خەجلىمىگەن بولغىيتتىم. ئەمما بۇ پەقەتلا پۇشايمان خالاس. ئورنىنى تولدۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى تولدۇرۇش مۇمكىن بولمايدىغان بىر ھاك ئۆتمۈشنىڭ تارىخىغا ئايلىنىپ بولدى. تارىخ قايتىلانمايدۇ.ھەمدە بىز ئۇيغۇرلارغا بېرىلگەن ھېسابسىز ئۇنداق كۆپ دۇنيانىڭ قايتا قولغا كېلىشىنى بىر ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ. ئەمما ھەممىنى بېشىدىن باشلاشقا توغرا كېلىدۇ. خىيىم-خەتەرلەر بىلەن قورشالغان ئەمما ئىنتايىن قىسقا بۇ ھايات، بېشىدىن باشلاشقا بەرداشلىق بېرەمدۇ يوق بۇنىسى ھەممىمىزگە نامەلۇم. بىز يەنىلا دىققىتىمىزنى يېقىن ئۆتمۈشكە ئاغدۇرساق تولدۇرغىلى بولمىغۇدەك ئۇ ھاك توغرىسىدا كاللىمىزغا سۇئال بەلگىسى قويۇلىدۇ. زادى قانداق چوڭقۇر ھاك ئۇ دېگەنگە ئوخشىغان! ئۇنداقتا دىققەت قىلىپ ئاڭلاڭ. ھېس قىلغان ۋە ئەمەلىيەتتە كۆرگەنلىرىمىزنى ئورتاقلىشىپ باقايلى. بىز ئالدىنقى ساندا توختالغان بايلارنىڭ بايلىقى قاشتېشى ئارقىلىق قولغا كەلگەنلىكىنى دېگەن ئىدۇق. ئەمما بۇ يەردە قاشتېشىدىن باشقا يوللار ئارقىلىق بېيىغان كونا بايلارنىڭمۇ بىر قىسمىلىرى مەزمۇن ئىچىدە مەقسەت قىلىنىدۇ (سۆز ئۆز ئىگىسىنى تاپسا ئەك ياخشىسى شۇ).

قاشتېشى ئاساسى جەھەتتىن خوتەندىن چىقىدىغانلىقى ئۈچۈن، سۆزىمىزنى خوتەندىن باشلايمىز. خوتەن شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان ئەك چەت بىر ۋىلايەت بولۇپ، ئۈرۈمچىدىن 1450 كىلومېتىر ئەتراپىدا يىراقلىقتا. خوتەن باشقا خوشنا ۋىلايەتلەردىن تەكلىماكاننىڭ چەكسىز كەتكەن قۇملۇقى بىلەن ئايرىلىپ تۇرىدىغان، ئۇستىدىن قارىماققا مۇستەقىل بىر دۆلەتكە ئوخشاپ كېتىدىغان رايون. ھۆل يېغىن ئاز بولغانلىقى ئۈچۈن ئەتراپىنكى قۇم بارخانلىرى ئۈچۈپلا تۇرىدىغان، شۇ سەۋەپتىن زىرائەتلەردىن مول ھوسۇل ئېلىش باشقا رايونلارغا قارىغاندا بىر قەدەر تۆۋەن بولىدۇ. زىرائەتلەر ئېرىق ئۆستەڭلەرنىڭ سۈيى ئارقىلىق سۇغىرىلىدۇ. ئەمما ئېرىق ئۆستەڭلەر كوممۇنىستلار تەرىپىدىن كونترول قىلىنىپ، كۆپ قىسمى ختايلار مەركەزلەشتۈرۈلۈپ ئولتۇراقلاشتۇرۇلغان بىكتۈەن (بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونى) تەرەپكە ئاقتۇرۇلغاچقا، خەلقىمىزگە سۇ تومۇزدا (بەلگىلەنگەن ۋاقىت ۋە بەلگىلەنگەن كۆپ بويىچە) بېرىلىدۇ. ئەگەر شۇ بەلگىلىمە بويىچە

بولمىسا جازالىنىدۇ. زىرائەتلەر ئاساسى جەھەتتىن ئۇسسۇزلۇقتا پىشىدۇ. ھەتتا بەزىلەرنىڭ زىرائەتلىرى بەلگىلەنگەن قاراردىكى سۇ بىلەن سۇغۇرۇلۇشقا بىرەر سەۋەپ تۈپەيلى ئىگە بولالمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇسسۇزلۇقتىن قۇرۇپ كېتىدىغان ئىشمۇ بولىدۇ. ئۇندىن باشقا تۇپا كۆپ ياغىدىغانلىقى ئۈچۈن زىرائەتلەرگە ھەرخىل زىيانداش ھاشارەتلەر چۈشۈپ مول ھوسۇلنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ. بۇ ئامىللار تۈپەيلى خەلقنىڭ دېھقانچىلىقتىن كېلىدىغان كىرىمى ئاساسى جەھەتتىن يوق دېيەرلىك. تىجارەت مەسىلىسىگە كەلسەك، قاتناش ئوڭايسىزلىقلارنى ۋە مەركىزى شەھەرلەرگە ئارىلىقنىڭ يىراقلىقى تۈپەيلى خەلق تىجارەت ئىمكانىيىتىگىمۇ تازا ئىگە بولالمايدۇ. شۇ تۈپەيلى خوتەن خەلقى شەرقى تۈركىستان رايونلىرىنىڭ ئىچىدە بىر قەدەر نامرات رايون بولۇپ قالغان. كوممۇنىستلار خەلقنىڭ نامراتلىقىنى نامدا باھانە قىلىپ، نامراتلارنى يۆلەش نامى ئاستىدىكى ساختا شوئار بىلەن، خەلقنى قەرزگە پاتۇرۇش شۇ ئارقىلىق تېخىمۇ نامراتلاشتۇرۇش مەقسىتىدە بانكىلار بىلەن جازانە خاراكتېرلىك مۇئامىلە قىلىشقا قىستاپ، نۇرغۇنلىغان خەلقنى قەرزگىمۇ تىقىۋەتكەن ئىدى. بىر مەزگىللەردە دېھقانچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ خەلقنى ھاللىق سەۋىيەگە يەتكۈزىمىز دەپ ئېتىزلارغا ھەرخىل كۆچەتلەرنى مەجبۇرىي سالدۇرۇپ، كۆچەتلەر راسا بۇلۇقغا كىرەي دېگەندە سورتىنى يېڭىلايمىز دەپ كەستۇرۇپ ئۆلتاتتى. ئۇلاغ نوتلار كېينكى يىلقىسى بۇلۇقغا كىرگەن ۋاقتىتا، يۇقىرىدىن ئۇقتۇرۇش كەلدى، باشقا كۆچەت سالىمىز. سېلىنماقچى بولغان كۆچەتلەر بۇلاردىن ياخشى دەپ، بىر ئوبدان يېتىشكەن كۆچەتلەرنى چىقىرىپ تاشلاپ ئورنىغا باشقا كۆچەت سالدۇراتتى. بىچارە خەلقىمىز بۇ ھەيلىگەر كوممۇنىستلارنىڭ نامراتلاشتۇرۇش پىلانلانغان رەزىل بۇيرۇقلىرىغا مەجبۇرىي ئەمەل قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن يەردىن چىققان ئاش ـ ئوزۇقلىرى ۋە تىجارەتتىن كىرىم قىلغان تاپاۋىتىنىڭ ئازلىقىغا قارىماي، رەببىنىڭ بۇيرۇقلىرىغا ئاڭلىقلىق بىلەن ئىتائەت قىلىپ، يەردىن چىققان زىرائەتلەرنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ئۆشرىسىنى ۋە تىجارەتتىن كەلگەن تاپاۋىتىنىڭ زاكىتىنى ئايرىيتتى. ھازىرمۇ ئېسىمدە، شۇنداق پىژغىرىم ئىسسىقتا ئەنجۈرلەرنى (بۇغدايلارنى) تېپىپ (خامانلارنى ئېلىپ) بولۇپلا، بۇغدايلارنى زاكات ئۆلچىمى بويىچە قاچىلارغا ئالغىنىم. ئەۋۋەل ئۆشرە بۇغدايلىرىنى بىر تەرەپكە ئايرىپ، ئۇندىن كېيىن كوممۇنىستلارغا تۆلەيدىغان باجنى ئايرىيتتۇق. ئاخىرىدا ئۆزىمىزگە قالغىنىنى ئايرىغان ۋاقتىتا، ئاچچىقىمدا، ئىمىشقا تېرىيمىز بۇ يەرنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دادا! قاراڭ بىزگە ئاشقان بۇغدايلارنى دېسەم. دادام ماڭا قاراپ كۈلۈپ تۇرۇپ: ئۆشرە بىزنىڭ ھەققىمىز ئەمەس، سىز بىلەن مەن ئىشلىگەندەك ئىشلىيەلمەيدىغان ياكى ئىشلىسىمۇ ھال-كۈنى ياخشى ئەمەس كىشىلەرنىڭ ھەققى بالام. ئەمما ماۋۇ باج بىزنىڭ ھەققىمىز، بۇنى گەرچە ئۆز قولىمىز بىلەن ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ بەرگەن بولساقمۇ، بۇ بىر ئوپئوچۇق بۇلاڭچىلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس دېگەنىدى. ئەتراپىمىزدىكى كىشىلەرمۇ بىزگە ئوخشاش بىر ھالەتتە ياشايتتى. شۇنداق كۈنلەردە ئاللاھنىڭ رەھمىتى بىلەن قاشتېشى خوتەن خەلقىنىڭ ھاياتىنى ئۆزگەرتتى. ئىقتىسادقا زار بولغان خەلقنىڭ قولىغا پۇل كىردى. ئەمما ھەممىسىنىڭكىگە ئەمەس. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭلا بۇ چەكسىز بايلىقتىن نېسىۋىسى كەلدى. ئاللاھنىڭ ئىرادىسى ۋە ئىنسانىيلىق نوقتىئىنەزەرىيسى بويىچە بۇ ئازغىنە كىشىلەرگە بېرىلگەن بايلىق ئومۇمىي خەلققە يېتەتتى. چۈنكى ئىسلامنىڭ تەلىماتىغا قارىساق زاكات يولىيورۇقى بار ئىدى.

ئىنسانىيلىق تەلىماتىغا قارىساق «ئەلدىن-ئەلگە نەپ، نەپ بەرمىگەننىڭ كۆتىگە تەپ» دەپ، ئۆز ئارا ياردەم قىلىش ۋىجدانىي بۇيرۇق بار ئىدى. شۇ ئازغىنە دۇنيادىن نېسىۋىلەنگەن ئازغىنە كىشىلەر نە ئىسلامغا ۋە نە ئىنسانىيلىققا بەك قاراپ كەتمىگەن ئىدى. چۈنكى بايلىرىمىزنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ يىللىق زاكىتى مىليونغا يېتەتتى. كۆپىنچىسىنىڭ ئايرىغان زاكىتى ئۇنىڭ بىرگە توغرا كېلىشى ھەتتاكى بەزىلەرنىڭ زاكات ئايرىمىغان يىل سانىنىڭ ئۈچ تۆت يىلغا بېرىپ قالغانلىقىمۇ مەلۇم ئىدى. سەۋەب بايلىقىنىڭ ھېسابىنى ئېنىق بىلمەسلىك ياكى كارتىدىكى پۇل پۈتۈن پۇل ئىدى، ئۇنى ھازىرچە پارچىلىماي تۇراي دېگەن، ياكى نەخ پۇلنىڭ تاشقا ئايلىنىپ كەتكەنلىكى ياكى زاكات بېرەي دېسەم ئېھتىياجى بار ئىنسانلار تاپالمىدىم دېگەندەك گەپلەر ئىدى. ئىنسانىيلىق نۇقتىسىدىن قارىساق، ئەتراپىدا خۇلۇم خوشنىلىرى ھەتتا ئۇرۇق تۇغقانلىرىنىڭ قىيىنچىلىقى بار، ئۇلارغا قاراشقا چولىسى يوق. بەزى شۇ بايلاردىن ئېلىشى بار كىشىلەر ئېلىشنى سۈيلىسە، پۇل يوق دەپلا قاتتىق گەپلەر بىلەن قايتۇرغان. ئەمەلىيەتتە يوقمۇ دېسە ئۇنداق ئەمەس. ئۇلارنىڭ مىنىۋالغان ماشىنىسى نەچچە يۈز مىڭ ھەتتا نەچچە مىليون سوملۇق، كۈنلۈك ماي سەرپىياتى ئىككى ئۈچ يۈز سوم، قاشتېشى كانلىرىدا مېڭىۋاتقان توپا قېزىش ماشىنىسىنىڭ كۈنلۈك چىقىمى نەچچە ئون مىڭ سوم بولۇۋاتقان. مۇشۇنداق ھالەتتە ئۆزى ئۆستىدىكى ھەقنى ئادا قىلمىغانلىق نە ئىسلامغا نە

ئىنسانىيلىققا ئۇيغۇن كېلىدۇ! خاتا باسقان قەدەم، خاتالىق ۋە يامانلىققىلا سەۋەپ بولىدىغانلىقى ئۈچۈن، شۇ خاتا بىسلىۋاتقان قەدەملەرنىڭ گەۋدىلەنگەن كۆرۈنۈشنى ھەر قانداق ئادەم بىر قاراپلا جەمئىيەتتىن بايقىيالايتتى. چۈنكى ھەر قانداق ھايات ياشىغان ئادەم ئېھتىياجلىق بولىدىغان بازار شۇلار سەۋەپلىك ئۆزگەرگەن ئىدى. بازاردىن مەقسەت ئىلىم سېتىمغا ئالاقىدار ھەرقانداق نەرسە كۆزدە تۇتۇلىدۇ. مەسىلەن خوتەننىڭ يەر باھاسى بىلەن باشقا شەھەرنىڭ يەر باھاسى خىلى ئوبدانلا پەرق ئېتەتتى. شەھەر ئىچىدىكى دۇكانلارمۇ ھەم پەرقلىق بولۇپ، ھەتتا مەركىزى شەھەر ئۈرۈمچىنىڭ باھاسىغا يېقىنلىشىپ قېلىۋاتاتتى. دۇكان باھاسى ئۆسكەندىن كېيىنلا ھەممە نەرسىنىڭ باھاسى تەبئىيلا ئۆسكەنلىكى ئۈچۈن، قىممەت ساتقانلارمۇ قىممەتلىكنىڭ سەۋەبنى ناھايىتى راۋان بايان قىلىپ بېرەتتى. ئەسلىدە بازار باھاسى يەرلىك خەلق ئىچىدىكى كۆپ سانلىقنىڭ ئىشلەپ چىقىرىش ۋە ئىقتىسادىي ئەھۋالى يۈكسەلگەندىن كېيىن شۇنىڭغا قارىتا ئېشىپ ماڭسا، بۇ بىر قەدەر ئاقىلانىلىك بولۇپ، ئاز بىر قىسىم كەمبەغەللەرنىڭ ياشىشى بەكمۇ قىيىنغا توختاپ كەتمەيدۇ. ئەمما ئاز بىر قىسىم بايلارغا كۆرە ئاشقان بازار باھاسى نامراتلارغا ئۇۋۇالچىلىقتىن باشقا نەرسە ئېلىپ كەلمەيدىكەن. چۈنكى نامراتلارنىڭمۇ ھاياتلىق پائالىيەتلىرى بايلىق رامكىسى ئىچىدە مۇئامىلە قىلىنىپ، بىر سوملۇق نەرسە ئىككى سوم باھادا بېرىلىدىكەن. ئۆلمەك ئۇستىگە تەپمەك قىلغاندەك ۋە كۆتۈرەلمىسىڭىز ساڭگىلىتىۋېلىڭ دىگەندەك، بايلار شۇ ئىككى سوملۇق نەرسىگە بەش سوم بېرىپ ئاشقان ئۈچ سومنى مەرتلەرچە سودىگەرگە ياخشىلىق قىلغان ھېسابتا تاشلاپ قويۇپ ماڭغاندا، سودىگەرلەر بۇ مېلىنىڭ ئەسلىدە بەش سوملۇق قىممىتى بارلىقنى چۈشىنىپ، مال باھاسىدا ئۆزى چاغلاپ ئۆستۈرىدىغان، باي ـ نامرات ئوتتۇرسىنى پەرق ئەتمەستىن كۆپرەك پۇلغا سېتىشنىلا ئويلايدىغان بىر مۇھىت مەيدانغا كەلگەن ئىدى. سېخىلىقى تۇتۇپ قالغان ۋە ياكى ئىككى ئۈچ سومغا قول ئۇزارتىشنى نومۇس بىلىدىغان بۇ بايلار زاكاتقا كەلگەندە سېخىيلىقى بىر چەتتە تۇپا بېسىپ تۇراتتى. ئەمما سودا قىلغاندا مىليونىرلارچە قىلاتتىكى، ئەگەر يول ئۈستىدە سودا قىلىش توغرا كېلىپ قالسا ماشىنىدىن چۈشمەيلا ئالىدىغان ماشىنىنىڭ كەينىگە سالدۇرۇپ، نەرسىلەرنىڭ باھاسى بىلەن پەرۋايى پەلەك پىچىتى بۇزۇلمىغان قىزىل پۇللاردىن تاشلاپ بېرىپ، ئاشقىنىنى كېلەر قېتىم ھېسابلىشىدىغان بولۇپ

كېتىپ قالاتتى. ناۋادا بۇلار سودا قىلىش جەريانىدا ماشىنىدىن چۈشۈش توغرا كېلىپ قالسا ماشىنىسىنى ھويلىسىنىڭ خالىغان يېرىدە توختاتقاندەك يولنىڭ ئوتتۇرلىرىدا توختىتىپ قويۇپ كىرىدىغان يېرىگە كىرىپ كېتىۋېرەتتى. بۇلارنىڭ ماشىنىسىنى كۆرگەنلەرنىڭ ھەممىسى تاشچىلار چېغى دېيىشىپ، يولنىڭ بىكار يەرلىرىدىن ئەگىپ ئۆتۈپ كېتەتتى. بۇلارنىڭ قىلغان سودىلىرى ۋە تۇرمۇشتىكى ھەرقانداق پائالىيىتى ئاجىزلارنىڭ كۈنلىرىنى كۈندىن-كۈنگە قىيىنلاشتۇرۇشتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. ھەتتا شۇنداق قالايمىقان ماشىنا توختاتقانلارغا، قاتناش ساقچىسى كەلسە ماشىنىنى ئېلىپ كېتىشى ياكى جەرىمانە قويۇشى مۇمكىن دېيىلىپ قالسا، ئۇلارنىڭ دەرھال بېرىدىغان جاۋابى، ئۇلارنىڭ مەقسىتى پۇل. پۇل بەرسەك چاتاق چىقمايدۇ دەپلا قوياتتى.

شۇ سەۋەبلىك قاتناش ساقچىسى بولغان غالچىلارمۇ پۇلغا كۆنگەن ئىدى. يەنىلا بۇلارنىڭ ئالدىدىمۇ ئاجىز-كەمبەغەللەر بوزەك قىلىناتتى. دېمەك بارا-بارا ئىنسان ئېھتىياجلىق پۈتۈن ئىشلارنىڭ قىممىتى يۇقىرىدىكى يوللار ئارقىلىق تەنەرخى ئۆستۈرۈلۈپ باينىڭ كۈچى ھەممىگە يېتىدىغان نامراتنىڭ كۈچى ھېچنەرسىگە يەتمەيدىغان بىر كۈن كەلگەن ئىدى. بۇ ھەتتا يېزا مەھەللىلەرنىڭ كىچىك ئەترەت باشلىقى (شۆدۈيجاڭ) غىچە تەسىر قىلغان بولۇپ، ئۇلارمۇ پۇلى بارغا ئىشىك تۈۋىگىچە بېرىپ مۇلازىمەت قىلىدىغان، پۇلى يوقلار ئىشىك تۈۋىگە كەلسە قاتتىق گەپ قىلىدىغان بولىۋالغان ئىدى. يۇقىرىقىلار ئەرزىمەس دۇنيا ۋە نىجىس غالچىلارغا ئالاقىدار گەپ، ئەمما دىنغا ئالاقىدار ئىشلارمۇ بايلارنىڭ تەسىرىدىن ئايرىلىپ قالمىغان ئىدى. ئەسلىدە نورمال كىشىلەرمۇ نۆۋەتتە كەلگەندە ئۆمەككە قېتىلىپ قىلالايدىغان ھەج، بارا-بارا نامراتلارنىڭ نۆۋىتى كەلمەيدىغان، كەلسىمۇ پۇلى يېتىشمەيدىغان ھەتتا بەزىلەرنىڭ نۆۋىتى بايلارنىڭ كۆپرەك پۇل بېرىشى بىلەن تارتىۋېلىنىدىغان بولۇپ قالغانتى. شۇنىڭ بىلەن بايلىرىمىزنىڭ ئاتا-ئانىسى ياكى ئۇرۇق تۇغقانلىرى نامراتلارنىڭ كۆز يېشى بەدىلىگە ھەج قىلىپ كېلەتتى. ھەج ئىبادىتى ئەمەلىيەتتىمۇ قۇربى يەتكەن ئىنسانلار تەرىپىدىن قىلىنىدىغان بولغاچ، بۇ، بايلارنىڭ مودا ئىبادىتىنىڭ بىرىگە ئايلىنىپ قالىدىغۇ دەيدىغان گەپ سۆزلەرمۇ ئەتراپىمىزدا ئانچە مۇنچە بولۇنۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بايلار ساياھەتنىڭ ئورنىدا نەچچە يۈزمىڭ سوم خەجلەپ ھەجگە تەكرار بېرىپ كېلەتتى. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا ھەرەمگە بارغاندىن كېيىنمۇ بۇلار بوش كەلمەي ھەرەمنىڭ ئالدىدىكى قەسىردە

ۋە ياكى ئالىي مېھمانسارايلاردا ياتىدىغان رىۋايەتلەر قۇلاقلىرىمىزغا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. يەنە بىر رىۋايەتلەردە ئىقامەت ئېلىش ۋە ئىقامەتلىك كىشىلەرنىڭ قايتىشىدا ئالىدىغان چېگرىدىن چىقىش ئىجازىتىنى ئېلىش ئىشلىرىدىكى باھانىڭ ئۆسۈشىگىمۇ يەنىلا بىزنىڭ بايلىرىمىزنىڭ كۆرۈنەرلىك تەسىرى بولغانمىش. نېمە دېگەن تەسىرى كۈچلۈك ھە! ئۆز ۋەتىنىدىن ھالقىپ چەتئەلگە تەسىر كۆرسەتكەنلىك بوش گەپ بىلەن بولىدىغان ئىش ئەمەس دە بۇ! بىز يەنىلا بايلىرىمىزنىڭ ۋەتەن ئىچىدىكى تەسىرىگە نەزىرىمىزنى ئاغدۇرايلى. چۈنكى سۆزلەشكە تىگىشلىك بەك كۆپ تەرەپلەر بىزنى ساقلاپ تۇرۇپتۇ. مەسىلەن توي-تۆكۈن ۋە ھەرخىل قۇتلۇق كۈنلەر ھەم شۇلارنىڭ تەسىر دائىرىسى ئىچىدە ئەلۋەتتە. چۈنكى ئىجتىمائىي ئىشلار جەمئىيەتنىڭ يۇقىرى قاتلىمىدىكى كىشىلەرگە تەقلىد قىلىنغاچ، تۆۋەن قاتلامدىكىلەر مەجبۇرى يۇقىرى قاتلامغا ئەگىشىدىكەن. ئىجتىمائىي جەمئىيەت يەككە شەخسلەر توپىدىن تۈزۈلگەنلىكى ئۈچۈن، سەلبىي تەسىرلەر شەخسىي تۇرمۇشقىچە كىرىپ كېلىۋاتاتتى. ھەممە ئادەم سۈنئىي شەكىلدىكى يۇقىرى سەۋىيىلىك تۇرمۇشقا قاراپ يۈزلىنىۋاتاتتى. پۇلى يوقلارنىڭمۇ قەرز يولى ئارقىلىق ماشىنىسى بولىدىغان، ئۆيلىرى كۆركەم زىننەتلىنىدىغان، ئائىلە جابدۇقلىرى ئىلغاشتۇرىلىدىغان، ئەمما يانچۇقىدا پۇلىنىڭ تايىنى يوق بىر ھالەت شەكىللەنگەن ئىدى.

ئەپسۇس روھىيەت بەكلا گادايلىشىپ كەتكەن بولۇپ، ئادەملەر ھەر نەرسىنىڭ ئۆلچىمىنى پۇل دەپ چۈشىنىپ پۇل ئۈچۈنلا ياشاۋاتقاندەك بىر خىل كەيپىيات جەمئىيەتنى قاپلىغان ئىدى. بەزىدە خەلقىنىڭ كۆپ ساندىكىسى ئوتتۇرىچە ھېسابتىكى بايلىق ئۆلچىمىگە يەتكەن ۋە خېلى تەرەققىي تاپقان باشقا شەھەرلەرگە بارغىنىمدا ئۆزەمنى بىر خىل يەڭگىللەپ قالغاندەك ھېس قىلاتتىم. چۈنكى ئۇ يەرلەردە ئادەملەر خالىسا بارىدىغان يەرلىرىگە مېڭىپ بارىدىكەن. خالىسا ۋېلىسىپىت ۋە ياكى ئاددىي موتوسكىلىتلا بىلەن بارىدىكەن. دېمەك ھەممە ئادەم ئۆز ئىشى بىلەن ئالدىراش، بىراۋلارنىڭ ھاياتىغا بايلىقى ئارقىلىق سەلبىي تەسىر كۆرسەتمىگەن ئىكەن. ئەمما خوتەندە بولسا پىيادە مېڭىش ئۇياقتا تۇرسۇن سەل ئاددىيراق موتوسىكىلىتتا مېڭىشقىمۇ ئادەم ئەيمىنىدىغان بىر ھالەت مەيدانغا كەلگەن ئىدى. چۈنكى يېقىن يورۇقلار، پىيادە قاپسىز ياكى موتىسىكىلىتىڭىز كونىراپ قاپتۇ قايتىدىن ئالساق بولغۇدەك دىگەندەك ئادەمنى خىجىل قىلىپ قويىدىغان بەزى گەپلەرنى ھېچ ئىككىلەنمەستىن قىلىپ قوياتتى. ئەيتاۋۇر

www.uyghurkitap.com

ئۇلارنىڭ ھەممىسى قىسقا يوللارنىمۇ ئېسىل ماشىنىلار بىلەن باسقاچ، پىيادە ياكى ئاددىي موتوسىكلىتلىقلارنى كۆرسە كۆزىگە بەك بىچارە كۆرۈنۈپ كېتىدىغان چېغى. شەخسىيىتىمىز ئۈچۈن شۇنچىلىك كەڭ-تاشا خەجلەنگەن بۇ پۇللار ئىجتىمائىي ئىشلار، پاراۋانلىق ئىشلىرى ۋە كەلگۈسى پىلانلار ئۈچۈن قانچىلىك خەجلەنگەندۇ دەپ نەزىرىمىزنى ئۇ تەرەپكە ئاغدۇرۇپ باقساق، ھېسابتا يوق ئاز بىر قىسىم (بۇنىڭمۇ ئۆزگە يارىشا شالتىقى بار) ئىشلاردىن باشقا سۆزلىگۈدەك ھېچ بىر ئۆتمۈشىنى ئەسلىيەلمەيمىز. چۈنكى چەتئەلگە چىققاندىن كېيىن ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئىشلىرىنىڭ نەقەدەر يۈكسەك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ يەتتۇق. ھەم يەنە بىر قېتىملىق ھاياتىمىزنىڭ خۇلاسىلەنگەنلىكىنىمۇ ھېس قىلغان بولدۇق. ئەلۋەتتە چەتئەل بىلەن بىزنىڭ ۋەتەننى سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. ئەمما پۇلدارلارنى سېلىشتۇرۇش تامامەن مۇمكىن. چۈنكى ئۇلار ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى تەرەققىي تاپقان يەرلەرگە قىممەت ئايرۇپىلان بىلەتلىرى بىلەن، خۇددى يېزىدىن شەھەرگە كىرگەندەك قاتناپ يۈرۈپ پۇللىرىنىڭ ھوزۇرىنى سۈرەتتى. نەپسىنى خوش قىلىش ئۈچۈن سەپەر قىلىۋاتقانلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ ئالدىغا ئون يىل، ئەڭ ئازلىرىغىمۇ تۆت-بەش يىل بوپ قالغان ئىدى.

ئەپسۇس ئۇلار بارغان يەرلىرىنىڭ ئوينايدىغان، يەيدىغان ۋە سودا-سېتىق قىلىدىغان يەرلىرىنى چالا قويماي ئايلىنىپ كەلگەن بىلەن، مىللەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئالاقىدار بىرەر ئىشنى سۈرۈشتە قىلىپ كەلگەنلىكى ياكى شۇنداق قابىلىيىتى بارلارنىڭ چىقىمىنى قىلىپ چەتئەللەرگە يولغا سالغانلىقى مەلۇم ئەمەس ئىدى. ئەمەلىيەتتە ئىجتىمائىي ئىشلار ئۈچۈن مەبلەغ سېلىش قىلالمىغۇدەك دەرىجىدە قىيىنمۇ ئەمەس بولۇپ، ئازراق كۆچسە كىچىكرەك بولسىمۇ يوقسۇللار ئۈچۈن دوختۇرخانا، دورىخانا ۋە مەھەللە ساغلاملىق مەركەزلىرىگە ئوخشاش يەرلەرنى قۇرۇش، ياكى ئىشسىز ياشلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىششى شۇ ئارقىلىق تۇرمۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلالايدىغان زاۋۇت كان-كارخانىلارنى قۇرۇش (ئەمەلىيەتتىمۇ ناھايىتى ئاز بىر قىسىم قۇرۇلغان) تامامەن مۇمكىن بولىدىغان بىر مەزگىللەرمۇ بېشىمىزدىن ئۆتكەن ئىدى. ئەمما بۇنداق جاپالىق ۋە پايدا چىقمايدىغان ئىشلارغا بايلىرىمىز ئەسلا ۋە ئەسلا قىزىقمىدى. ئۇلارنىڭ مەبلەغ سېلىش ئوبىيېكتى ھەر ۋاقىت، سېلىنغان مەبلەغنىڭ ھېچ بولمىغاندا بىر ھەسسىسى، ياخشىراق بولسا ئىككى ئۈچ ھەسسىسى قايتىدىغان ئېگىز-ئېگىز قەۋەتلىك ئولتۇراق بىناسى ۋە دۇكان سېلىش ئىدى. چۈنكى ئۇلارنىڭ

قارىشىچە بۇ قۇرۇلۇشلار ئارقىلىق، مەبلەغنى كۆپەيتىش ۋە بايلىقنى ئىنسانلارغا نامايان قىلىش تامامەن مۇمكىن ئىدى. ئەپسۇس ئىشلار ئۇلار ئويلىغان بويىچە بولماستىن، ئەكسىچە سېلىنغان مەبلەغلەر قەپقالغان مەبلەغنى يەپ كەتتى. بىنانىڭ ئىگىلىكى ۋە ھەشەمىلىكى بويىچە ئۇلارنىڭ يۈز-ئابرويى، ئىنسانلىقى ۋە ئىمانى دەپسەندە قىلىندى. ئۇلار ئىشەنگەن ئادەملەر ئۇلارنىڭ پۇت قوللىرىغا كويزا-كىشەن سالدى. ئۇلارنىڭ كۆزىدىن ياش يۈرەكلىرىدىن قان ئاقتى. ئۇلار ئۈچۈن ياخشىلىق تىلەپ كۆتۈرۈلىدىغان قوللار بەك ئاز ھەتتا يوق دېيەرلىك بوپ قالدى. چۈنكى بۇلار خەلقنىڭ دۇئاسى بىلەن كۆكلەشنى ئەسلا يادىغا كەلتۈرۈپ باقمىغان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇلار ئەتراپىدا ئىقتىسادى قىيىنچىلىقى تۈپەيلى ئوقۇشسىز قالغان باللارغا پۇلنىڭ زاكىتىنى بېرىش ئارقىلىق ياخشىراق بىلىم يۇرتلىرىغا يولغا سېلىشنى خىيالىغا كەلتۈرمىگەن ئىدى. ئۇلار ئائىلە بويىچە مىليونلارچە پۇل خەجلەپ كېتىۋاتقان ھەج سەپىرىگە، ئالىي ئىسلام بىلىم يۇرتلىرىدا بىلىم ئېلىش ئىشقىدا يۈرەكلىرى ئوت بولۇپ يېنىۋاتقان ئىلىم سۆيەر ئەمما ئاجىز ئوقۇغۇچىلاردىن بىرەرسىنى ئۆزلىرى بىلەن بىرگە ئېلىۋالمىغانتى. بۇ ئەسلىدە قىلغان خاتالىقلارنى ئۆچۈرۈشكە سەۋەپ بولىدىغان، بەلكى چەكسىز پايدا كېلىدىغان، تۈگىمەس-پۈتمەس بايلىققا سەۋەپ بولىدىغان بىر قۇرۇلۇشقا مەبلەغ سالغانلىق ئىدى. ئۇ بولسىمۇ مىللەتنىڭ ۋە ئۈممەتنىڭ كەلگۈسىگە مەبلەغ سالغانلىق بولۇپ، بۇ قۇرۇلۇشنىڭ ئۇلى زېمىننىڭ ئاستىدا، ئۈستى قىسمى بولسا ئاللاھ تائالانىڭ ئەرشىسىگە تۇتۇشاتتى.

شۇنداقلا مۇشۇنداق ئۇلۇغ قۇرۇلۇشقا مەبلەغ سالغانلار، ئۆزلىرىنى مۇسانىڭ دەۋرىدىكى قارۇندىن پەرقلىق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بەرگەن بولاتتى. ئەپسۇس بۇلارمۇ قارۇن تۇتقان يولنىڭ ئۆزىنى تۇتۇپ، شەخسىي تۇرمۇشلىرىنى ئاجىز خەلق ئارىسىدا كۆزنى قاماشتۇرىدىغان شەكىلدە بېزەپ، روھىيتى ئاجىز كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىگە ھەۋەس قىلىشىغا سەۋەپ بولۇپ، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ھەۋەسى بىلەن پەخىر قىلىپ مال-دۇنيا مەسىلىكى ئىچىدە ياشىغان ئىدى. قارۇننىڭ مىسالىغا قارايدىغان بولساق، قارۇن دۇنيالىرىنىڭ ئاچقۇچىنى نەچچە قېچىرغا ئارتىپ ماڭغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان بولسا، بۇلار شۇ نەچچە قېچىرنىڭ كۈچى بار ئەڭ كۈچلۈك بولغان، لېكساس، پورسچى، بېنىز، بوۋما ۋە تويوتالارغا ئوخشاش قىممەت باھالىق ھەشەم ماشىنلارغا ئارتىپ ماڭىدىغانلىقنى بىز كۆزىمىز بىلەن كۆرگەن ئىدۇق. بۇلارنى

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

قارۇنغا كۈيۈرلۈكتا ئوخشاتمىساقمۇ، ئەمما دۇنياسىنىڭ كۆپلۈكى سەۋەپلىك كېلىپ چىققان نەتىجە ھېسابى بويىچە ئوخشىتىشىمىز تامامەن مۇمكىن. چۈنكى بۇلار زامان، ماكان ۋە شەخسلەرنىڭ ئۆزگەرگەنلىك ئېتىبارى بويىچە، قارۇن كۆرگەن كۈننىڭ ئازراق شەكلى ئۆزگەرگەن، ئەمما كۆپ پەرقلىنىپ كەتمەيدىغان بىر ھالىتىنى كۆرۈشكە نېسىپ بولدى. چۈنكى قارۇن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدە ياشىغان بولغاچ، قارۇننىڭ ھالاكىتى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە دەلىل سۈپەتتە مۆجىزە خاراكتېرلىك مەيدانغا كېلىپ، ئاللاھنىڭ ئەمرى ئارقىلىق بايلىقلىرى بىلەن قوشۇپ يەرگە يۇتقۇزۇۋېتىلگەن ئەمما تەۋبە قىلىش پۇرسىتى بېرىلمىگەن. بىزنىڭ بايلىرىمىزغا كەلسەك، قەلبىدە ئاللاھقا بولغان ئىمانى ۋە ئەمەلىيىتىدە ئىسلامنىڭ ئالامەتلىرى تېپىلغاچ، ئۆزى ۋە مال دۇنياسى ئىنسانلار تەرىپىدىن يۇتقۇزۇلۇپ پۈتۈن ئىنسانغا، بايلىق ئاللاھنىڭ ياخشى كۆرگەنلىكىنىڭ دەلىلى ئەمەس. بايلىق ھەق يول ئۈستىدە كېتىۋاتقانلىقنىڭ ۋە ياخشى ئادەم ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلى ئەمەس دېگەنلەر ئىبرەتلىك قىلىپ ئۇقتۇرۇلغان بولسىمۇ، ئەڭ ياخشى يېرى ئۇلارغا ئاللاھ تەرەپتىن تەۋبە پۇرسىتى بېرىلىدى. چۈنكى ئۇلار قولغا ئېلىنغان ۋە ماللىرى مۇسادىرە قىلىنغان ھامان، ئاللاھنىڭ دۈشمەنلىرىگە مال دۇنيا سەۋەپلىك ئىشەنچ قىلغانلىقلىرىغا ۋە ئاللاھنىڭ ئاجىز قۇللىرىغا ئېتىبارسىز قارىغانلىقلىرىغا پۇشايمان قىلىدۇ. ئارقىدىنلا تاپقان دۇنياسىنى ياخشى يولغا كۆپلەپ سەرپ قىلماستىن يالغۇز بىر نەپسىنىڭ خۇشاللىقى ئۈچۈن زىيادە بۇزۇپ چاچقانلىقلىرىغا پۇشايمان قىلىدۇ. دېمەك ھازىر تۈرمىدە ھايات ياشاۋاتقانلار تەۋبە ئۈستىدە بولىشى مۇمكىن. ئاللاھ تەۋبىلىرىنى قوبۇل قىلسۇن.

شۇ قېرىنداشلىرىمىز بىلەن يەنە بىر قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈشكە ئاللاھ بىزلەرنى نېسىپ قىلسۇن. چەتئەلگە قېچىپ چىقىۋالغانلارغا كەلسەك، بۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ئەھۋالى ۋەتەندىكى تۈرمە-زىندانلاردا يېتىۋاتقانلارنىڭ ھالىدىن خاراپتەك بىلىنىۋاتىدۇ. چۈنكى بۇلارچە، ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار دېگەندەك يەنىلا ۋەتەندە قالغان دۇنياغا تارتىنىشىپ، يول ئېچىلسا شۇ دۇنيالىرىمىزنىڭ قايتىدىن ئىگىسى بولىمىز دېگەندەك شېرىن چۈشلەر بىلەن ئۆزلىرىنى بەزلەپ يەپ-ئىچىپلا ياشاۋاتقاندەك. ئەگەر بۇلارغا شۇ پۇرسەت قايتىدىن بېرىلىپ قالسا يەنىلا قايتا كەلگەن ئامەتنى ئۆزىنىڭ ئەقلىدىن ياكى دۇنياسىنىڭ كۆپلۈكىدىن كۆرۈشى ئېنىقتەك قىلىپ تۇرىدۇ.

چۈنكى ئۇلار ئەجدادلىرىمىزنىڭ يىراق ئۆتمۈشى ۋە ئۆزلىرىنىڭ تۆنۈگۈنكى سەرگۈزەشتىلىرىدىن ئىبرەت ئالغاندىن ۋە ئالدىنغاندەك ئەمەس. ئادەم ئېغىزىغا ئېلىشقىمۇ پېتىنالمىغۇدەك، ئەگەر دېيىش توغرا كەلسە ئارىلىقتا بىر نەپەس ئېلىپ ئاندىن تاماملىغىلى بولىدىغان سان ـ سىفىرلىق پۇللارغا ئىگە بۇ بايلارنىڭ ھەممىسى، ۋەتەندە تاشلاپ چىققان پۇللىرىغا نىسبەتەن سويغان پىيازدەكلا چەتئەلگە چىققانلاردۇر. چۈنكى ھەر قانداق بىر باي بىلەن پاراڭلىشىۋاتقاندا ئۇلارنىڭ ئېغىزىغا قاراپ تۇرساق، بىر دانە بانكا كارتىسىدا ئون ـ ئونبەش مىليون پۇل بارلىقىنى، شۇنداق كارتىلاردىن ھەر بىر بانكىنىڭ ئايرىم ـ ئايرىم كارتىلىرىنى ھەم بارلىقىنى، ئېگىز ـ ئېگىز بىنالىرىنىڭ ياكى شۇ بىنالاردا بىر نەچچە يۈرۈش ئۆيلىرىنىڭ بارلىقىنى، قىمممەت باھالىق ماشىنىلىرىنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدا ياكى ماشىنا توختىتىش مەيدانلىرىدا تاشلاپ قويۇلغانلىقىنى، نەچچە مىليونلۇق توپا قېزىش ماشىنىلىرىنىڭ ماشىنا ساقلاش ئورۇنلىرىدا قېپقالغانلىقلىرىنى ۋە شەھەرنىڭ ئاۋات ۋە بۇلۇڭ ـ پۇشقاق يەرلىرىدە نەچچە يۈز كۋادرات مېتىرلىق، نەچچە مىليون سوملۇق يەرلىرىنىڭ شۇ پېتى قېپقالغانلىقىرىنى چاي ئىچكەچ ئولتۇرۇپ بىزلەرگە سۆزلەپ بېرىدۇ. بۇ پۇللارنىڭ كۆپلۈكىگە قاراپ، ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكىلەرنىڭ يوقسۇزلۇق ئىچىدە بويۇن قىسىۋاتقانلىرى ئادەمنىڭ كۆز ئالدىغا كەلگەن ھامان يۈرەكلەرگە پىچاق ئۇرغاندەك ئاغرىپ كېتىدۇ دېسە. چۈنكى بايلار شۇ پۇللارغا ئىمان ۋە ئەقىل بىلەن ئىگە بولغان بولسا، ئۇ پۇللار ھەر بىر ئۇيغۇرنىڭ پۇلىسى ئىدى. ئەپسۇس مىڭ ئەپسۇس! كاللىسىنى ھەرە چېقىۋالغان بۇ نوچىلار چەتئەلگە چىقىپمۇ ئازغىنە شۇ دۇنياسى بىلەن يەنە ۋەتەندىكى شۇ ھايۋاندىن پەرقلەنمەيدىغان يەپ ـ ئىچىش ۋە ھەشەم تۇرمۇشقا غەرق بولۇپ ياشاۋاتقانلىقى ئادەمنى بەك سەسكەندۈرىدۇ. قاراپ باقدىغان بولساق بىز بىلدىغان ئىستانبولنىڭ ئەڭ قىممەت ئولتۇراق رايونلىرىدا ئايلىقىنى ئۈچ ـ تۆت مىڭ لىراغا ئىجارە ئۆي ئېلىپ ئولتۇرۇۋاتقان ياكى مىليۇنلارغا زېمىنلارنى سېتىۋېلىۋاتقان ئۇيغۇرلارنى كۆرىمىز. ئۇلارنىڭ مىنىۋاتقان ماشىنىلىرى يەنىلا شۇ ماركىلىق، قىممەت باھالىق ھەشەم ماشىنىلار بولاۋاتىدۇ. باللىرىنى ئىنتايىن قىممەت باھالىق مەكتەپلەردە ئايلىقىغا نەچچە مىڭ دوللار تۆلەپ ئوقۇتۇۋاتىدۇ. ئائىلە بۈيىچە ئىشلىتىۋاتقان تېلېفونلىرى، ئالمىنىڭ ياكى سامسۇڭنىڭ ئەڭ يېڭى چىققان ئەڭ قىممەت باھالىق تېلېفونلىرى بولۇۋاتىدۇ. بۇ ئەقلى گەدىنىگە ئۆتۈپ قالغانلار، ئۇيغۇرلارنىڭ ھاياتى (بايلارنىڭمۇ ھاياتى) تەھدىت ئىچىدە تۇرۇۋاتقان مۇشۇنداق پەيتتە، نېمە ئۈچۈن ئەقلىنى تاپمايدىغاندۇ؟

www.uyghurkitap.com



ئولتۇرىدىغان ئۆيۈم، مىنىدىغان ماشىنام، ئىشلىتىدىغان تېلېفونۇم ۋە ئادەتتىكى مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان بالىلاردىن پەرقلىق ئوقۇپ كېتەلمەيۋاتقان بۇ بالىلىرىمغا تۆلەۋاتقان شۇنچە كۆپ پۇللارنى، نېمە ئۈچۈن ئۇيغۇرنىڭ ھاياتىنى، جۈملىدىن ئۆزەمنىڭ ھاياتىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئىشلەتمەيمەن؟ ۋەتەنىدىمۇ شۇنداق ياشىغانلىقىم تۈپەيلى بېشىمغا بالا كەلگەندە ئىنسانلارنىڭ كۆلكىسىگە قېلىپ، جېنىمنى ئاران قۇتۇلدۇرۇپ چەتئەلگە چىققانىم. ئەمدى يەنە بېشىمغا بالا قازا كەلگەندە ئەتراپىمدىكىلەرنىڭ ياخشى دۇئالىرى ۋە مەن ئۈچۈن قىلىدىغان ھەرىكەتلىرىنىڭ ئورنىغا، تويىماس نەپسىنىڭ قۇلى بوپ ياشىسا ئاقىۋەتتە شۇنداق كۈنگە قالىدۇ دىگەندەك ھېكايە ۋە سۆز ـ چۆچەكلەرنىڭ ئىگىسى بوپ قالماي. باشقىلار قانداق ياشىغان بولسا مەنمۇ شۇنداق ياشاي دېگەننى ئۇلار زادى نېمە ئۈچۈن ئويلىمايدۇ؟ ئاخىرىدا دەيدىغىنىم شۇكى: مىللەتكە ۋە ئۇممەتكە ياخشىلىقتا ۋە يامانلىقتا تەسىر كۆرسىتىدىغانلار ئىلىملىكلەر ۋە بايلاردۇر. باشقىلار مۇشۇ ئىككى خىلدىكى كىشىلەرنىڭ تۇتقان ياخشى ۋە يامان يوللىرىغا ئەگىشىپ يول تۇتىدىغان كىشىلەردۇر. كەلگۈسىدىكى شانلىق تارىخىمىز ئىلىملىكلەرنىڭ ھەقنى سۆزلىشى، ھەقنى يېزىشى ۋە ھەق ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرۇشى ئارقىلىق، ۋە بايلارنىڭ بولسا مىللەت ۋە ئۇممەتنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالى ئۈچۈن كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ قوللىرىدا بار دەسمى ئارقىلىق كۆپلەپ پۇل تېپىشى ۋە تاپقان پۇللىرىنى شۇ يوللاردا مەرتلەرچە خەجلىشى ئارقىلىق قولغا كېلىدۇ. ئالىملار، بايلار ئۈچۈن پۇللىرىنى ھەق يول ئۈچۈن سەرپ قىلىشىغا يول باشلاش سېستېمىسىنىڭ رولىنى ئوينىسا. بايلار، ئالىملارنىڭ ھەقنى يەتكۈزۈشى ئۈچۈن شۇ يول باشلاش سېستېمىسىنىڭ يېتەكلىشىدە ماڭىدىغان داغدام يولنىڭ رولىنى ئوينايدۇ. ئالىملار بىلەن ئىنسانلارنىڭ قەلبى يورۇسا، بايلار بىلەن يوقسۇل خەلقىمىزنىڭ يۈزى يورۇيدۇ. بىز ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدىن چىققان ئىنساپلىق، مىللەت ۋە ئۇممەتنىڭ جان تالىشىۋاتقان ۋاقىتلىرىدا ئۇلار بىلەن بىللە جان تالىشىپ، بارلىقىنى تۆكەلەيدىغان، ئېگىز ـ ئېگىز بىنالىرى بار، مىنىدىغانغا مىليونلۇق ماشىنىلىرى بار ئەركەك بايلاردىن پەخىرلىنىمىز. بىزنىڭ ياخشى دۇئالىرىمىز ئۇلار بىلەن بىللە. ئەگەر ئۇنداق بولمايدىكەن، ئۇلارنىڭ ئىنساپىنى تىلەشتىن ۋە بىرە ھادىسە بوپ قالسا ئۆزگە ـ ئۆزى قىلدى دېيىشتىن باشقا چارىمىز يوق. ئاللاھ ھەممىمىزنى ئالغان ئىلمىمىز ۋە تاپقان بايلىقلىرىمىز بىلەن دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئەزىز قىلسۇن.




ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلاردىن ئىخلاسمەن، چىدامچان، تەقۋادار، سەممى، ئىتائەتچان، پاك ۋە كەمتەر بولۇشنى تەلەپ قىلغىنىدەك، ئاللاھ يولىدا دىنىي قېرىنداش بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. دىنىي قېرىنداشلىق ئادەتتە مۇسۇلمانلارنىڭ كىشىلىك تۇرمۇشى ۋە ئىجتىمائىي ھاياتىدا ئەخلاق ئۆلچىمى ۋە ھەرىكەت مىزانى سۈپىتىدە رول ئوينايدۇ. ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارنىڭ قان قېرىنداشلىقتىنمۇ ئۈستۈن ھالدا، ئاللاھ ئۈچۈن دىنىي قېرىنداش بولۇشنى تەكىتلەيدۇ. چۈنكى، دىنىي قېرىنداشلىق ئىسلام دىنىنىڭ ئەخلاق قارىشىدىكى رەھىمدىللىك، مېھرىبانلىق ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى مەلۇم دەرىجىدە گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ بارغاندا، تۇنجى ئېلىپ بارغان پائالىيىتى، مۇسۇلمانلارنىڭ بىر يەرگە جەم بولۇشى، يەككە ئەمەس، كوللېكتىپ ھەرىكەت قىلىشى ئۈچۈن، ئىشنى شۇ دەۋرنىڭ تەلىپى ۋە ئېھتىياجى بويىچە بىردىنبىر ئاساسلىق مەركىزى ئورۇن مەسجىد بىنا قىلىش بىلەن باشلىغان بولسا، ئىككىنچى قىلىپ دوستانىلىق، ئىناقلىق، ئەپۇچانلىق ۋە ھەمكارلىقئېڭى سىڭدۈرۈلگەن دىنىي قېرىنداشلىق تەلىماتىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ھەمدە «قۇرئان كەرىم»دە: «ھەقىقەتەن مۇئمىنلەر قېرىنداشتۇر»[1] دەپ كۆرسىتىلگەن.

ئىسلام دىنىنىڭ ئىدىيۋى تەشەببۇسى بولغان ئاللاھ يولىدىكى بۇ دىنىي

[1] ھۇجۇرات سۈرىسى: 10 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى uyghurkitap.com

قېرىنداشلىق، شۇ زاماندىكى ئىسلام دۇنياسىدا ئومۇمىيۈزلۈك ئىنكاس پەيدا قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدىكى كۈچلۈك پىكىر ئېقىمىغا ئايلانغان. بۇنىڭ بىر تىپىك مىسالى: ئابدۇراھمان ئىسىملىك مەدىنىلىك بىر ساھابە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قېرىنداش قىلىپ قويغان مۇھاجىر دىنىي قېرىندىشى سەئد ئىبنى رەبىئگە ئۆزىنىڭ پۈتۈن مال-مۈلكىنىڭ يېرىمىنى بۆلۈپ بېرىدىغانلىقىنى ۋە ئىككى ئايالىنىڭ قايسىسىنى ئىختىيار قىلسا، شۇنى تالاق قىلىپ، ئىددىتى توشقاندىن كېيىن، ئېلىپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتسا، يەرمۇك ئۇرۇشى بولغان كۈنى، ئۇرۇشتا ياردار بولغان ھىشام ئىبنى ئاس قاتارلىق بىر نەچچە ساھابىلەرنىڭ بىر يۇتۇم سۇنى ئۆزئارا بىر-بىرىگە ئۆتۈنۈپ، ئاخىرى ھېچقايسىسى ئىچمەي ھەممىسىنىڭ شېھىد بولغانلىقى بۇنىڭ ئەمەلىي رىئال پاكىتى بولالايدۇ.

ئىسلام دىنىنىڭ «ھەقىقەتەن مۆئمىنلەر قېرىنداشتۇر» دېگەن بۇ ئۇلۇغ تەلىماتى ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى جاھىلىيەت دەۋرىدە قەلبلىرى ئۆچمەنلىك بىلەن تولغان، روھىيىتىنى شەخسىيەتچىلىك قاپلىۋالغان، «سەن ئۆل، مەن ياشاي» دەپ، باشقىلارنى ياشاتمايدىغان، ھەتتا ئۆز پۈشتىدىن بولغان قىزلىرىنىڭمۇ ياشىشىغا رازى بولماي، نومۇستىن ئۇلارنى تىرىك كۆمۈۋېتىدىغان دىلى قارىلىق ۋۇجۇدىغا خۇددى تاشقا نەقىش ئويغاندەك ئورناپ كەتكەن، ئۇنى ئويۇپ چىقىرىۋېتىش نەقشىچى ئۇستىلارنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان بىر ۋەزىيەتتىكى مىللەتنىڭ روھى پسىخىكىسىغا سىڭىپ كىرىپ، ئىنسانىيەت تارىخىدا مىسلىسىز بىر ئىجتىمائىي جەمئىيەتنى بارلىققا كەلتۈرگەن.

ئىسلام دىنىنىڭ: «ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىسىلەر»[1] دېگەن بۇ شوئارى ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى يۇقىرى تەبىقە، تۆۋەن تەبىقە ۋە قۇللار تەبىقىسى قاتارلىق تەبىقىچىلىكلەرنى يىمىرىپ تاشلاپ، كاپىتالىزىمغىمۇ ياتمايدىغان، سوتسىيالىزىمغىمۇ ياتمايدىغان، ھەر ئىككى تەرەپكە ئېغىپ كەتمەي تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاپ، ھەممە باراۋەر بولىدىغان ئىسلام ئادالىتىنى تۇرغۇزغان.

ئىسلام دىنىنىڭ «سىلەر ئۆز نەپسىڭلار ئۈچۈن ياخشى كۆرگەن نەرسىنى قېرىندىشىڭلار ئۈچۈن ياخشى كۆرمىگىچە (كامىل) مۇئمىن بولالمايسىلەر»[2] دېگەن بۇ قارىشى ئۇلارنىڭ نەپسانىيەتچىلىك قامىقىغا ئىلىنىپ قالغان شەخسىيەتچىلىك ئىللىتىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، «ئۆزۈم ياشىمىسامۇ دىنىي قېرىندىشىم ياشىسۇن»، «ئەل ئۈچۈن ئەر بول، بولمىسا يەر بول» دېگەن بۇ ھېكمەتلىك سۆزنىڭ مۇنەۋۋەر تەمسىلچىلىرىگە ئايلاندۇرغان.

ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىر ئىككى

[1] سۈرە ھۇجۇرات 13-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

كىشىنىڭ ئەمەلىي پائالىيتىگە دىققىتىمىزنى بىرىدىغان بولساق، بۇ ھەقتە مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق مۇنداق دەيدۇ: «مەدىنىدە بىر قانچىلىغان تۇل خوتۇن ۋە مىسكىن (يەنى كۈندىلىك تۇرمۇشىنى قامداپ بېرىدىغان بىرەر كىشىسى يوق) ئادەملەر بار ئىدى. ئەمما ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى يەنىلا خاتىرجەم ئۆتەتتى. چۈنكى ئۇلارغا نامەلۇم بىر پىداكار كىشى تەرىپىدىن ئۈزلۈكسىز ئوزۇق ـ تۈلۈك كېلىپ تۇراتتى. لېكىن، ئۇلار بۇ پىداكار كىشىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى زادىلا بىلمەيتتى. بۇ كۈنلەردە زەينۇل ئابىدىن ئىبنى ھۈسەين ۋاپات بولدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇلارغا كېلىۋاتقان ئوزۇقمۇ توختاپ قالدۇ. ئاندىن ئۇلار شۇ چاغدىلا ئۆزلىرىگە ئوزۇق يەتكۈزۈپ بېرىۋاتقان پىداكار، ئالىيجاناپ كىشىنىڭ زەينۇل ئابىدىن ئىبنى ھۈسەين ئىكەنلىكىنى بىلىپ يېتىدۇ. بۇ زات ۋاپات بولۇپ يۇيۇلغاندا، ئۇنى يۇغۇچىلار ئۇنىڭ ئىككى تاغىقىنىڭ (غېرىپ ـ مىسكىنلەرگە ئوزۇق يەتكۈزۈپ بېرىش جەريانىدا تاغا يۈدۈپ) يارا بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن»[1]

شۇنىڭدەك، ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك ئۆز زامانىدا ئەڭ كۆپ سەدىقە قىلىدىغان كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ بىر يىلدا قىلىدىغان سەدىقىسى تەخمىنەن يۈز مىڭ دىناردىن ئاشىدىكەن. بۇ كىشى بىر قېتىم ئۆز يېقىنلىرى بىلەن ھەج قىلىش ئۈچۈن يولغا چىقىدۇ، بىر يەرگە كەلگەندە، يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر ئۆلۈك قۇشنى ئۇچرىتىدۇ ـ دە، دەرھال ئەتراپىدىكىلەرگە ئۇنى يولدىن يىراق بىر يەرگە تاشلىۋېتىشكە بۇيرۇيدۇ، ئاردىن بىرى بېرىپ، ئۇنى يول بويىدىكى بىر ئەخلەتخانىغا تاشلىۋېتىدۇ. بۇ ئاردا يەنە ئابدۇللاھنىڭ كۆزى، دەل شۇ ئۆلۈك قۇشنى ئەخلەتخانىدىن بىر قىزنىڭ ئېلىپ كېتىۋاتقانلىقىغا چۈشۈپ قالىدۇ ـ دە قىزنى توختىتىپ، بۇ ئۆلۈك قۇشنى نېمە قىلىدىغانلىقىنى سورايدۇ. قىز تەمتىرىگەن ھالدا ئۆزىنىڭ يېتىم ئىكەنلىكىنى، ئائىلىسىدە ئۆزى ۋە بىر ئىنىسى بارلىقىنى، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدىن خەۋەر ئالغۇدەك بىرەر كىشىسىنىڭ يوقلىقىنى ئېيتىدۇ. قىزنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئاڭلىغان ئابدۇللاھ دەرھال قىزغا قولىدىكى ئۆلۈك قۇشنى تاشلىۋېتىشكە بۇيرۇپ، خەزىنىدارىدىن ھەميانىدا قانچىلىك خىراجەت بارلىقىنى سورايدۇ، خەزىنىدار 1000 دىنار بارلىقىنى ئېيتىدۇ، ئابدۇللاھ خەزىنىدارغا: «20 دىنار ئېلىپ قالغىن، ئۇ بىزگە مەرۋىگە يېتىپ بارغۇچە يېتىدۇ، قالغىنىنى بۇ قىزغا بەرگىن، بۇ بىزنىڭ بۇ يىلقى ھەججىمىزدۇر» دەپ ھەج قىلماي قايتىپ كېتىدۇ»[2] مانا بۇلار ئۇلارنىڭ ھايات كۆرۈنۈشىدىن پەقەتلا بىر تامچە.

ئەمدى زامانىمىزدىكى بىزنىڭ

[1] ئابدۇللا ناسىھ ئۇلۋان، ″ئىسلام قېرىنداشلىقى″ 52 ـ بەت.

[2] ئابدۇللا ناسىھ ئۇلۋان، ″ئىسلام قېرىنداشلىق″ 53 ـ بەت.

www.uyghurkitap.com

ئىنسانلىرىمىزغا دىققىتىمىزنى بېرىدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ ئىچىدە نۇرغۇن ئالىيجاناپ، سېخىي، ياردەمسۆيەر كىشىلىرىمىز بولغىنىدەك، چۈشلۈك تاماقنى ياكى كەچلىك غىزاسىنى مەخسۇس ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىگە بېرىپ يەپ كېلىدىغان، ئايدا بىر قېتىم ھەرەمگە بېرىپ ئۆمرە-ھەج قىلىدىغان بايۋەتچىلىرىمىزمۇ يوق ئەمەس.

ئىسلام دىنىنىڭ قېرىنداشلىق پرىنسىپى بىر ئەقىدىگە مەنسۇپ دىنىي قېرىنداشلىق ئاساسى ئۈستىگە قۇرۇلغان. جانابى ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «ھەقىقەتەن مۆمىنلەر قېرىنداشتۇر، (ئۇرۇشۇپ قالسا) قېرىنداشلىرىڭلارنىڭ ئارىسىنى تۈزەڭلار، رەھمەتكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھتىن قورقۇڭلار» بۇ ئايەت «قېرىنداشلىق»نىڭ پەقەت بىر ئېتىقاد ئاساسىدا، بىر ئىدىيىگە مەنسۇپ، ئىمان نۇرىدا قەلبلىرى بىرلەشكەن مۆمىن-مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدە گەۋدىلىنىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭدىن شۇ مەلۇم بولىدۇكى، كىشىلەر يەر شارىدا قايسى قىتئەدە ياشىسۇن، قايسى مىللەتتىن بولسۇن مۆمىن-مۇسۇلمان بولىدىكەن ھەممىسى قېرىنداش، ھەممىسى يولداش ۋە سەممىي دوست-ياراندۇر. بۇلار ئۆزئارا ھەرقانداق قىيىنچىلىق ۋە خاپىلىقلاردا بىر-بىرىگە ياردەمدە بولۇشقا مەجبۇر بولغىنىدەك، سىرتقى دۈشمەننىڭ تاجاۋۇزچىلىقى، زوراۋانلىقى ۋە زۇلۇمىغا قارشى ئورتاق تاقابىل تۇرۇشقا، دىنىي قېرىنداشلىرىنى جېنى بىلەن، مېلى بىلەن قوغداشقا مەجبۇردۇر. بولۇپمۇ بۈگۈنكىدەك پۈتۈن كۈپۈر تەرەپدارلىرى ھەر ساھەدە ھەر تەرەپتىن سەلدەك بېسىپ كېلىۋاتقان بۇ جەددىي پەيتتە، بىز مۇسۇلمانلار ئۆزىمىزنىڭ «دىنىي قېرىنداشلىق» مەسئۇلىيىتىمىزنى پەقەت قان قېرىنداشلىق ياكى مەنپەئەت ئاساسىدا ئەمەس، بەلكى «قۇرئان كەرىم»نىڭ تەلپى بويىچە «دىنىي قېرىنداشلىق» پرىنسىپىنى چىقىش قىلىپ ھەرىكەت قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. ئەمما بۈگۈنكى كۈنىمىزدە بۇ تۇيغۇ ۋە بۇ چۈشەنچىگە ئىگە، ئەقىل كۆزى ئويغاق، ۋىجدان مۇختارىيىتىگە ئىگە مۇئمىن-مۇسۇلمان رەھبەر ياكى شەخسلەرنى ئۇچرىتىش ئەنقانىڭ تۇخۇمىنى تېپىشتىنمۇ تەستەك قىلىدۇ. بۇ خۇسۇستا ئەرەب ۋە ئەجەم ھەممىمىز ئوخشاشلا بىر خىل ئىللەتكە مۇپتىلا بولۇپ قالدۇق. غەرەزلىك ھالدا بىر-بىرىمىزنى زورلاپ نۇقتىلىق دۈشمەن قىلىۋېلىپ، «تەۋەللاۋە تەبەررا» نىڭ ھەقىقىتىنى تاشلاپ، ئەسلى دۈشمەن كىم، دوست كىم؟ غەزەپ-نەپرەت ئوبيېكتىمىزچۇ؟ بۇنى ئېتىقادىي تەرەپتىن ئەمەس ماقام-مەنسەپ ۋە دۇنياۋى پايدا-مەنپەئەت چىقىش نۇقتىسى قىلىۋالدۇق.

قېرىنداشلارچە سەممىي دوستلۇق نامايەندىسى، ئۆزىنىڭ دىنىي قېرىندىشىنىڭ خۇشاللىقىغا جۇر بولۇش، غەم-قايغۇسىغا ئەمەلىي ئىپادە بىلدۈرۈش بىلەن گەۋدىلىنىدۇ. «قۇرئان

كەرىم»دە ئىلگىرى سۈرۈلگەن قېرىنداشلىق مانا بۇ نۇقتىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دىنىي قېرىنداشلىقنىڭ ئەڭ گۈزەل ئوبرازى ئەينىچاغدا تۇنجى ئەۋلاد مۇسۇلمانلىرى شەكىللەندۈرگەن ئەنسار ۋە مۇھاجىرلار جەمئىيىتىدە جانلىق مەنادا ئىپادىلەنگەن ۋە يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغىنىدەك ئۆزىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىگە كۆتۈرۈلگەن. ئۇلار ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىدىن قېرىندىشىنىڭ مەنپەئەتىنى ئەۋزەل كۆرگەن. مانا بۇ ئۇلارنىڭ ئىماندا قانچىلىك سەممىي ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان ئالىيجاناپلىق روھى ئىدى. ئۇلارنىڭ بۇ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكى «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق بايان قىلىنىدۇ: «ئۇلاردىن (يەنى مۇھاجىرلاردىن) مەدىنىدە يەرلىك بولغان، ئىمانى كۈچلۈك بولغانلار (يەنى ئەنسارلار) يېنىغا ھىجرەت قىلىپ كەلگەنلەرنى (يەنى مۇھاجىرلارنى) دوست تۇتىدۇ، ئۇلارغا بېرىلگەن نەرسىلەر ئۈچۈن ئىچى تارلىق قىلمايدۇ، ئۇلار مۇھتاج تۇرۇقلۇق (مۇھاجىرلارنىڭ مەنپەئىتىنى ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئىتى) دىن ئەلا بىلىدۇ، ئۆز نەپسىنىڭ بېخىللىقىدىن ساقلانغانلار مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر»[1] بۇ مەزمۇنغا ئالاقىدار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سىلەردىن ھېچكىم ئۆزى ياخشى كۆرگەن نەرسىنى ئۆزىنىڭ (دىنىي)قېرىندىشى ئۈچۈنمۇ ياخشى كۆرمىگۈچە (مۇكەممەل) مۇئمىن بولالمايدۇ»[2]ھەزرىتى ئەلى رازىياللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «ساڭا ھەقىقىي قېرىنداش ۋە سەممىي يولداش بولالايدىغانلار، سەن ئۈچۈن ۋاقىت ئاجرىتالايدىغان (ۋاقتى كەلگەندە) سېنىڭ مەنپەئەتىڭ ئۈچۈن، ئۆز مەنپەئىتىدىن ۋاز كېچەلەيدىغان، زامانىنىڭ پالاكەتلىرىگە دۇچ كەلگەن چېغىڭدا، سېنىڭ ئۇ پالاكەت ۋە ناچار ئەھۋالىڭنى سەرەمجانلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ خاتىرجەم تۇرمۇشىنى پىدا قىلالايدىغان كىشىلەردۇر».

قېرىنداشلىقنىڭ يەنە بىر خۇسۇسىيىتى قېرىندىشىنى باشقىلارغا زۇلۇم قىلىشتىن ۋە زۇلۇمغا ئۇچراشتىن ساقلاپ قېلىش. بۇ شەكىلدىكى قېرىنداشلىق مىللەت ۋە ئىرق ئايرىمىسىدىن ھالقىپ، پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ بىر ئۈممەت ئىدىيىسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. شۇنىڭدەك ياخشى ئائىلە، ئىناق جەمئىيەت ۋە مەدەنىيەتلىك شەھەر قۇرۇپ چىقىشنىڭ كاپالەتچىسى بولالايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «مۇئمىن قېرىندىشىڭغا زالىم بولسۇن ياكى زۇلۇمغا ئۇچرىغان بولسۇن ياردەمدە بولغىن!»، زالىمغا قانداق ياردەم قىلىش توغرىلىق سورالغاندا، زالىمنى زۇلۇم قىلىشتىن توساپ قېلىش ئۇنىڭغا ياردەم قىلغانلىق بولىدىغانلىقىنى ئېيتقان.[3]

[1] ھەشر سۈرىسى 9 ـ ئايەت.

[2] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

[3] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

www.uyghurkitap.com

ئەينى چاغدا، مىلادىيە 9-ئەسىردە ئابباسىيە خەلىپىلىرىدىن بولغان مۇئتەسىم بىللاھنىڭ خەلاپەت دەۋرىدە، رۇم دىيارلىرىنىڭ بىرىدە ئەسىرگە چۈشۈپ قېلىپ، زۇلۇمغا يولۇققان بىر مۇسۇلمان ئايالنىڭ: «ۋا ئىسلاما، ۋا مۇئتەسىما» دېگەن بىر قېتىملىق نالە پەريادى مەزكۇر خەلىپىنىڭ قوماندانلىقىغا نەچچە مىڭ مىل ئۇزاقلىقتىكى دۈشمەنگە قارشى ئەسكىرىي يۈرۈش قىلىپ، شۇ ئەبلەخلەرنىڭ ئەدىپىنى بېرىشكە يېتىپ ئاشقان ئىكەن. ئەمدىلىكتە 50 نەچچە ئىسلام دۆلىتى نامىدا ئىككى مىلياردقا يېقىن مۇسۇلمان ياشاۋاتقان دەۋرىدە، قان دېڭىزىغا ئايلانغان بۈگۈنكى سۈرىيەنىڭ ھومس رايونىدا ئېلىپ بېرىلغان بىر قېتىملىق نامايىشتا بىر مەسۇم قىزىمىز پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمان رەھبەرلىرىگە خىتاب قىلىپ: «ھەي مۇئتەسىم! سەن قەيەردە، ھەي ئوسمانىيلار يىگىتلىرى، ھەي سۇلتان ئىككىنچى ئابدۇل ھەمىدخاننىڭ ئوغۇللىرى بىزنى يالغۇز تاشلاپ قويماڭلار، بىز سۈرىيەدە بوغۇزلىنىۋاتىمىز، بىز مۇسۇلمانلارنىڭ ناھەق ئۆلتۈرۈلگەنلىكى تارىخقا يېزىلمىسۇن» دەپ نالە پەرياد قىلغان بولسا، بۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ، ئىراقنىڭ ئەبۇ غىرىب تۈرمىسىدە ئامېرىكا ئەسكەرلىرىنىڭ نومۇسسىزلارچە تاجاۋۇزچىلىقىغا ئۇچرىغان مىڭلارچە ئاچا-سىڭىللىرىمىزنىڭ نالە-پەريادى ھەممىمىزنىڭ قەلبىدە زەرداب بولۇپ ئاققان ئىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدىن فاتىمە نۇر قېرىندىشىمىزنىڭ «قېرىنداشلىرىم قەيەردە» ماۋزۇلۇق ئوچۇق خېتى مۇنۇ مەزمۇندا باشلانغان ئىكەن: «قېرىنداشلىرىم! بۇ تۈرمىدە مەن بىلەن بىرگە يەنە 13 قىز قېرىندىشىم بار، بىز ھەممىمىز ھەر كۈنى نومۇسسىز ۋەھشى ھايۋانلارنىڭ ئىچى پۇشۇقىنى چىقىرىدىغان ئويۇنچۇقى بولۇپ قالدۇق. ناماز ئوقۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئاياللىق نومۇس ۋە ھايا پەردىمىزنى كېيىشمۇ چەكلەنمەكتە. ئارىمىزدىن بىر قېرىندىشىمىز بىر ئامېرىكا ئىتىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا ئۇچرىغاندىن كېيىن خورلۇقتىن تامغا بېشىنى ئۇرۇپ ئۆلۈۋالدى. مەن سىلەرنىڭ بىر دىنىي قېرىنداشىڭلار بولۇش سۈپىتىم بىلەن، سىلەردىن ئۆتۈنىدىغىنىم شۇكى، ئەگەر مۇمكىن بولسا بىزنى بۇ تۈرمە بىلەن بىرگە قوشۇپ پارتىلىتىپ، بىزنى بۇ خورلۇقتىن قۇتۇلدۇرۇپ قىلىڭلار!» دەپ يازغان. يەنە بۇندىن بىر نەچچە يىل بۇرۇن پەلەستىندە سىيونىست رادىكال كۈچلىرى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغان بىر مەھبۇسنىڭ مەسۇم-غۇبارسىز قىزى پۈتۈن دادىلارغا خىتاب قىلىپ: «ھەر كۈنى ئەتىگەن-ئاخشام ئۇماق ئەركە باللىرىنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ ئەركىلىتىۋاتقان دادىلار خىجىل بولۇڭلار! چۈنكى مېنىڭ دادام قارا تۆمۈر تاپانلىقلارنىڭ قولىدا ئىڭرىماقتا» دېگەن ئېچىنارلىق كۆڭۈل زەردىسى نىدادا بولغان بولسا، بۈگۈنكى كۈندە بىزنىڭ تۈمەنلىگەن خانىم قىزلىرىمىزنىڭ تۈرمە-زىندانلاردا قىزىل بارماقلىقلارنىڭ

دەپسەندە قىلىشقا چىدىماي ياغراۋاتقان نالە پەريادلىرى، ئاتىسى ياكى ئانىسى ياكى ھەر ئىككىسى تۈرمىگە تاشلىنىپ، يېتىم ۋە ئىگە-چاقىسىز قالغان نارەسىدە، مەسۇم بىگۇنارلارنىڭ ئاچچىق پىغانلىرى قۇلاق تۇۋىمىزدە چىلىلاۋاتىدۇ. بۇ ئەلەم ۋە خورلۇقلار يەتمىگەندەك 25-ئاۋغۇستتىن بېرى بۇددىست بىرما ئارمىيىسىنىڭ ئۆز تەۋەلىكىدىكى ئاراكان مۇسۇلمانلىرىنى بوۋاق، قېرى-ياش، ئەر-ئايال دېمەي ئۆلتۈرۈپ، پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىغا زەردە قىلىشلىرى دەرت ئۈستىگە دەرت، ئەلەم ئۈستىگە ئەلەم قوشۇۋاتىدۇ.

بۇ تراگېدىيىلىك ھادىسىلەر ۋە پاجىئەلىك ئەلەملەر بىلەن بۇگۈنكى كۈندە كىمنىڭ كارى؟ ھەممىسى ئۆز ئىشى، ئۆز دەردى بىلەن مەشغۇل، توغرىسىنى ئېيتساق ھەممىسى ئۆز خاپىلىقىدىن قانداق چىقىش كويىدا، ھېچقانداق بىر دۆلەت ياكى دۆلەت بېشىدىكى رەھبەرنىڭ ئۆز مەسلىسىدىن ئېشىنىپ باشقىلارنىڭ مەسلىسىگە كۆڭۈل بۆلۈش ۋە نالە-پەريادىغا قۇلاق سېلىشقا چولى تەگمەيدۇ. ھەممىسى ئۆز مەنپەئەتىنى قوغداش بىلەن مەشغۇل. ھەتتا قان بېغىڭ بىر، دىنىي ئېتىقادىڭ ئوخشاش بولسىمۇ، ئۆز مەنپەئەتىگە چېتىشلىق ھەرقانداق مەسىلىگە كۆز يۇمالايدۇ، زۆرۈر تېپىلغاندا ئىككىلەنمەي دۈشمىنىڭگە ساتالايدۇ.

ئەسلىدە مۇئمىن-مۇسۇلمانلارنىڭ ھەقىقىي قېرىنداشلىق رىشتى، مۇستەھكەم ۋە پۇختا سېلىنغان بىناغا ئوخشايدۇ، ياكى پۈتۈن ئېلېمېنت ۋە ئۇنسۇرلىرى بىر-بىرىگە باغلىنىشلىق بىر پارچە ئەزاغا ئوخشايدۇ. قانداقكى بەدەننىڭ قايسى بىر ئەزاسىغا دەرت يەتسە، پۈتۈن بەدەن راھەتسىزلىك ھېس قىلغىنىدەك، دۇنيانىڭ بۇ چېتىدىكى بىر مۇئمىن-مۇسۇلمانغا يەتكەن دەرت-ئەلەمنى دۇنيانىڭ ئۇ چېتىدىكى مۇئمىن-مۇسۇلمانلارنىڭمۇ ھېس قىلىشى، ئۇلارنىڭ دەردىنى ئۆزىنىڭ دەردىگە ئوخشاش دەرت بىلىپ ھەل قىلىشقا كۈچ چىقىرىشى كېرەك ئىدى. بۇ خۇسۇستا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن نۇرغۇن ھەدىسلەر سۆزلەنگەن. بۇ ھەدىسلەر ئىچىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «مۇئمىنلەر ئۆزئارا مۇستەھكەم بىر بىناغا ئوخشايدۇ»① دېگەن سۆزى بىز مۇسۇلمانلار ئۈچۈن مەسلىنىڭ قانچىلىك ئەھمىيەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ھەزرىتى ئەبۇ مۇسا ئەلئەشەرى بۇ ھەدىسنى سۆزلىگەندە، تېخىمۇ جانلىق ئىپادىلەش ئۈچۈن، بارماقلىرىنى بىر-بىرىگە گىرەلەشتۈرۈپ تۇرۇپ، سۆزلەپ بەرگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مۇئمىننىڭ مۇئمىن بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى بىر-بىرى بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن بىناغا ئوخشايدۇ»② دېگەن بولسا، يەنە بىر

---

① ئىمام بۇخارى، ئىمام مۇسلىم، تىرمىزى ۋە نەسەئى رىۋايىتى.

② ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

uyghurkitap.com

سۆزدە: «مۇئمىنلەرنىڭ دوستانىلىق ۋە كۆيۈمچانلىق مۇناسىۋىتى بەدەنگە ئوخشايدۇ، قانداقكى بەدەننىڭ بىرەر ئەزاسىغا دەرت ـ ئەلەم يەتسە، پۈتۈن بەدەن قىزىپ، ئۇيقۇسىز ـ بىدار بولغىنىدەك (ئۇلارمۇ بىرەر مۇئمىن قېرىندىشىغا دەرت ـ ئەلەم يەتكەندە ئۆزىگە يەتكەن دەرت ـ ئەلەمدەك) بىئارام بولىدۇ»[1] دېگەن.

شەكسىزكى مۇئمىنلەرنىڭ قەلبىنى بىر ـ بىرىگە باغلايدىغان ئەڭ مۇھىم ۋە ئەڭ كۈچلۈك ئامىل ئىمان ۋە تەقۋا ئاساسى ئۈستىگە قۇرۇلغان دىنىي قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتىدۇر. بۇ جانابىي ئاللاھنىڭ مۇئمىن ـ مۇسۇلمانلارغا ئاتا قىلغان ئەڭ قىممەتلىك نېمەتلىرىدىن بىرى. «قۇرئان كەرىم»دە بۇ مەزمۇن مۇنداق تىلغا ئېلىنىدۇ: «ھەممىڭلار ئاللاھنىڭ ئاغامچىسىغا (يەنى ئاللاھنىڭ دىنىغا) مەھكەم يېپىشىڭلار، ئايرىلماڭلار (يەنى سىلەردىن ئىلگىرى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار ئىختىلاپ قىلىشقاندەك، دىندا ئىختىلاپ قىلىشماڭلار). ئاللاھنىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىنى ئەسلەڭلار، ئۆز ۋاقتىدا سىلەر ئۆزئارا دۈشمەن ئىدىڭلار، ئاللاھ دىلىڭلارنى بىرلەشتۈردى، ئاللاھنىڭ نېمىتى بىلەن ئۆزئارا قېرىنداش بولدۇڭلار، سىلەر دوزاخ چۇقۇرىنىڭ گىرۋىكىدە ئىدىڭلار، ئاللاھ سىلەرنى (ئىسلام ئارقىلىق) ئۇنىڭدىن قۇتقۇزدى. سىلەرنىڭ ھىدايەت تېپىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھ ئايەتلىرىنى سىلەرگە شۇنداق بايان قىلىدۇ»[2] جانابىي ئاللاھ بۇ ئايەتتە بىزلەرگە جاھىلىيەت دەۋرىدە ئۆزئارا قاتتىق دۈشمەنلىشىپ قالغان ئەۋس ۋە خەزرەج قەبىلىلىرىنى ئىمان ئاساسىدا قېرىنداشلىق يىپى بىلەن بىر ـ بىرىگە قانداق باغلىغانلىقىنى خاتىرىلەتمەكتە. ئىنسانلارنىڭ زالالەت قىرغىقىغا كېلىپ، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە شۇم پىشانە بولۇپ، جەھەننەم گىردابىغا دۇچار بولۇشتىن قۇتۇلۇشىنىڭ بىردىن بىر يولى پەقەت ئاللاھنىڭ ئارغامچىسىغا مۇستەھكەم ئېسىلىپ، قېرىنداشلىق ئارغامچىسىنىڭ كۈچىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇش شەرتىگە باغلىماقتا. شۇ سەۋەپلىك ئىسلام دىنىدا مۇئمىنلەرنىڭ ئارىسىنى بۇزىدىغان، قېرىنداشلىق يىپىنى ئۈزىدىغان ھەر قانداق سەلبىي ھەرىكەتلەر ھارام قىلىنغان. ئىرق، مىللەت ئايرىمىسىدىن ئىبارەت جاھىلىيەت ئادەتلىرىنى تاشلاپ تەقۋالىق پىرىنسىپى بويىچە مىزان تۇرغۇزۇپ جەمئىيەتنىڭ ئىناقلىق ۋە دوستانىلىقتىن ئىبارەت قېرىنداشلىق ھاۋاسىنى بۇزىدىغان پۈتۈن سەلبىي قىلمىشلارغا چەكلىمە قويۇلغان. جانابىي ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۇئمىنلەر! نۇرغۇن گۇمانلاردىن ساقلىنىڭلار (يەنى ئائىلىدىكىلىرىڭلارغا ۋە كىشىلەرگە گۇمانخورلۇق قىلماڭلار)، بەزى گۇمانلار ھەقىقەتەن گۇناھتۇر، (مۇئمىنلەرنىڭ ئەيىبىنى) ئىزدىمەڭلار، بىر ـ بىرىڭلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلماڭلار،

[1] ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

[2] سۈرە ئالى ئىمران، 103 ـ ئايەت.

سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆلگەن قېرىندىشىڭلارنىڭ گۆشىنى يېيىشنى ياقتۇرامسىلەر؟ ئۇنى ياقتۇرمايسىلەر.ئاللاھدىن قورقۇڭلار ئاللاھ (تەۋبەقىلغۇچىلارنىڭ قىلغان) تەۋبىسىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇر، (ئۇلارغا) ناھايىتى مېھرىباندۇر»[1] جانابى ئاللاھ بۇ مۇبارەك ئايەتتە مۇئمىنلەرنى ئىنىق قىلىپ يامان گۇماندا بولۇشتىن، قېرىنداشلىرىنىڭ سىر ۋە مەخپىيەتچىلىكىنى ئاشكارا قىلىشتىن، غەيۋەت قىلىشتىن، ئالدى-ئارقىسىدا يامان گېپىنى قىلىشتىن ساقلىنىشنى بىلدۇرمەكتە. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە: «(سەۋەبسىز) يامان گۇماندا بولۇشتىن ساقلىنىڭلار، چۈنكى يامان گۇمان يالغان سۆزنىڭ ئەڭ يامىنىدۇر. بىر-بىرىڭلارنىڭ ئەيىبىنى كوچىلاش، پاش قىلىش ۋە ئاڭلاشقا ئۇرۇنماڭلار، بىر-بىرىڭلارنىڭ سىرلىرىنى تەكشۈرۈپ يۈرمەڭلار!»[2] دېگەن بولسا، يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئى مۇئمىنلەر! بىر قەۋم يەنە بىر قەۋمنى (يەنى بىر جامائە يەنە بىر جامائەنى، بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمنى) مەسخىرە قىلمىسۇن، مەسخىرە قىلىنغان قەۋم (ئاللاھنىڭ نەزىرىدە) مەسخىرە قىلغۇچى قەۋمدىن ياخشىراق بولۇشى مۇمكىن، سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى ئاياللارمۇ ئۆزئارا مەسخىرە قىلىشمىسۇن، مەسخىرە قىلىنغۇچى ئاياللار (ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا) مەسخىرە قىلغۇچى ئاياللاردىن ياخشىراق بولۇشى مۇمكىن، بىر-بىرىڭلارنى ئەيىبلىمەڭلار، بىر-بىرىڭلارنى يامان لەقەم بىلەن چاقىرماڭلار، ئىماندىن كېيىن پىسقى بىلەن ئاتاش (يەنى مۇئمىننى پاسىق) دەپ ئاتاش نېمىدېگەن يامان! (مۇنداق نەھيى قىلىنغان ئىشلاردىن) تەۋبە قىلمىغانلار زالىملاردۇر»[3]

مەزكۇر ئايەت ۋە ھەدىس شەرىپلەردە تىلغا ئېلىنغان بۇ خىل ئىللەتلەر ئادەتتە، مىكروبقا ئوخشايدۇ. قانداقكى مىكروب بەدەننى ھالسىزلاشتۇرۇپ يېقىتقىنىدەك، مەزكۇر ئىللەتلەرمۇ ئۈممەتنىڭ بىرلىك ئېڭىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، قېرىنداشلىق روھىنى ئۆلتۈرىدۇ، كىشىلىك پىسخىكىسىنى بۇزۇپ، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنى يىرىكلەشتۈرىدۇ، ياردەمسۆيەر ۋە ھەمكارلىق رولىنى ئۇنۇتتۇرۇپ ئۆزئارا ھەسەت ۋە نەپرەت تۇيغۇلىرىنى غىدىقلاپ بىخلاندۇرىدۇ ۋە نەتىجىدە، كۈنىمىزدىكىدەك بىرىمىزنى خاۋارىج، بىرىمىزنى ئەزھەرىي مۇرجىئىلەر، يەنە بىرىمىزنى مۆرتەد، يەنە بىرىمىزنى سەلەپى يەنە بىرىمىزنى خەلەپى دەپ توختۇماي تور دۇنياسىدا كاپىشىپ ھارمايدىغانلارنىڭ جەڭلىرى توختىمايدۇ. چۈنكى مۇئمىنلەرنىڭ ئۆزئارا چىقىشالماي دۈشمەنلىشىپ قېلىشى، بىر نىيەت بىر مەقسەتتە ئورتاقلىشالماسلىقى، پەقەت مەزكۇر ئىللەتلەرگە مۇپتىلا دىلخەستىلىكتىن كېلىپ چىقىدۇ.

---

[1] سۈرە ھۇجۇرات، 12-ئايەت.

[2] ئەللۇئلۇ ۋەلمەرجاندا رىۋايەت قىلىنغان.

[3] سۈرە ھۇجۇرات، 11-ئايەت.

قانداقكى بىر ھەدىس شەرىپتە شەيتاننىڭ بۇ يوللار بىلەن مۆئمىن ـ مۇسۇلمانلارنى يولدىن چىقىرىش ئۈمىدىنىڭ تېخى ئۈزۈلمىگەنلىكى مۇنداق بايان قىلىنىدۇ: «شەيتان، قىبلىگە يۈزلەنگەن (مۆئمىن ـ مۇسۇلمان) لارنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن ئۆزىگە (چوقۇنۇپ) ئىبادەت قىلىشىدىن ئۈمىدىنى ئۈزگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنى تۈرلۈك پىتنە ـ پاسات ۋە ئىغۋا يوللىرى بىلەن ئۆزئارا بىر ـ بىرىگە سېلىپ، دۈشمەن ئوبيېكتى قىلىپ، ئۇلارنىڭ بىر ئۈممەت ئىكەنلىكىنى تامامەن پارچىلاپ يوقىتىشتىن ئۈمىدىنى ئۈزگىنى يوق»[1] باشقا مىللەتلەر ھەتتا مىللەت ئۇقۇمىنى چۆرۈپ تاشلاپ، ئىنسانىيەت ئۆلچىمى دېگەن شوئار بىلەن ئۆزلىرىنى خېلى تۈزەپ كېتىۋاتقان بىر پەيتتە، بىز مۇسۇلمانلار قىلغانلىكى ئىشلىرىمىزدا ئۆز قېرىنداشلىرىمىزغا زەرەر ئۇرۇش، ئۆز بۇرادەرلىرىمىزنى خارلاش، ئۆز دوستلىرىمىزغا خيانەت قىلىش، ئاداۋەت تۇتۇش ۋە زىيانكەشلىك قىلىشتەك بەختسىزلىك زۇلمى ئاستىدا ياشاۋاتىمىز.

زەرىف قارىھاجىم ئۆز زامانىسىدا مەزكۇر ئىللەت ۋە دىلخەستىلىككە مۇناسىۋەتلىك ھالدا، جامائەتكە مۇنداق ۋەز ـ نەسىھەتتە بولغان ئىكەن: «ئى مۆئمىن بۇرادەرلەر! شۇنى بىلىڭلاركى، دىلىڭلاردا ساقلانغان تۈرلۈك يامان نىيەتلىك، پەس ئەقىدىلىك ئىللەتلەر ھامان قىيامەتتە ئاشكارا بولىدۇ. مۆئمىن بۇرادىرىڭلار بىلەن كۆرۈنۈشتە ساختا ئىناقلىقنى ئىپادىلەپ «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» نى دوڭغىيىپ تۇرۇپ ئېيتىپ قويۇپ، ئەمەلىيەتتە ئۆز بۇرادىرىڭلارنىڭ مەنپەئەتىگە خيانەت قىلىدىغان، ئۇلارنى دۈشمەنگە سېتىۋېتىدىغان بۇزۇق نىيەتلىك ۋە سۇيىقەستلىك، ساتقىنلىق ئىشلارنى قىلغان شۇم نىيەتلىرىڭلارمۇ قىيامەت كۈنىدە ئاشكارا بولىدۇ، بۈگۈن خەلقنىڭ كۆز ئالدىدا، ئۇلارنى ئالداش ئۈچۈن، ئۆزۈڭلارنى ئاللاھ ئۈچۈن خەير ـ ئېھسان قىلىۋاتقاندەك كۆرسىتىپ قويۇپ، ئاستىرىتتىن، خۇپىيانە ھالدا خەلقنى دۈشمەنلەرگە سېتىۋاتقان ئالدامچى كۆڭۈل، قارا نىيەتلىرىڭلارمۇ قىيامەتتە ئوپئوچۇق ئاشكارىلىنىدۇ. بۇندىن كېيىن مۆئمىن قېرىنداشلار ئۈچۈن دىلىڭلاردا دۈشمەنلىك ساقلىماڭلار. دىلىڭلارغا ھېچقانداق بىر ئىنسانغا يامانلىق، خائىنلىق قىلىشنى پۈكمەڭلار. بۈگۈن دۇنيا مەنپەئەتىنى كۆزلەپ ئىبادەت پۇرۇشلۇق ۋە دىنىي ئىلىم پۇرۇشلۇق قىلغانلارنىڭ يۈرەكتىكى نىيەت ـ ئەمەللىرى قىيامەتتە ئاشكارا بولىدۇ. بۈگۈن كۆرۈنۈشتە پاك ـ سالىھ چاپىنىنى كىيىۋېلىپ، يۈرىكىنىڭ ئىچكى قاتلىمىدىن پاسكىنا مەينەتلىك قىلىپ، نامەرتلىك، بۇزۇقچىلىق، بۇزغۇنچىلىق ۋە ساتقىنلىق قىلىۋاتقانلارنىڭ ھەقىقىي ئەپتى ـ بەشىرىسىمۇ قىيامەت كۈنى ئاشكارا بولىدۇ. شۇڭا مەزكۇر ئايەتنىڭ مەزمۇنىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئۆزەڭلارنىڭ ئىچكى دۇنيايىڭلارنىڭ تازىلىقىغا، پاكلىقىغاكاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن

[1] ئىمام مۇسلىم ۋە ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى.



www.uyghurkitap.com

تىرىشىڭلار!»[1]

ئى مۆئمىن قېرىنداشلار! مەزكۇر ئايەت، ھەدىس شەرىپ ۋە ۋەز-نەسىھەتلەرنى مەزمۇن ئېتىبارى بىلەن تەھلىل قىلىپ، ئۇنى ئۆز ئەھۋالىمىزغا تەڭلەپ كۆرەيلى. دىنداشلىرىمىزغا، مەسلەكداشلىرىمىزغا، خىزمەتداشلىرىمىزغا، سەپداشلىرىمىزغا قىلىۋاتقان مۇئامىلە ۋە سۆز-ھەرىكىتىمىزنىڭ مۇسۇلمانلىقنىڭ تەلىپى بولغان دىنىي قېرىنداشلىق مەزمۇنىغا ئۇيغۇن كېلەمدۇ-يوقمۇ؟ بۇنى دەڭسەپ كۆرەيلى. ئەگەر ئۇيغۇن كەلمەيدىغان تەرىپى بولسا، ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەرلەرگە ئەمر قىلغان بۇيرۇقلىرىغا قارشى تەرەپتە تۇرۇپ قېلىشتىن ساقلىنىپ، قېرىنداشلىرىمىز بىلەن مۇئامىلە، مۇناسىۋەت ۋە گەپ-سۆز قىلىشتا قاتتىقلىق ۋە قوپاللىق قىلىشتىن ساقلىنايلى. ئۇلارغا يۇمشاق سۆز ۋە مېھرىبانلىق يولىنى تۇتايلى. ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ دۈشمىنى بولغان پىرئەۋنغا ئۇلۇغ پەيغەمبەر مۇسا ئەلەيھىسسالامنى ئەۋەتكەن چاغدا: «ئۇنىڭغا يۇمشاق سۆز قىلغىن» دەپ بۇيرۇغانلىقىنى ھەممىمىز بىلىمىز. شۇنداق تۇرۇقلۇق نېمە ئۈچۈن بىز يەنە ئۆز دىنىي قېرىنداشلىرىمىزغا مۇئامىلە ۋە گەپ-سۆزىمىزدە قوپاللىق ۋە قاتتىقلىق قىلىشنى راۋا كۆرىمىز؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئاللاھنىڭ ئەخلاقىنى ئۆزلەشتۈرۈڭلار، ئاللاھ ئۈگەتكەن ئەخلاق بىلەن ئەخلاقلىنىڭلار» دېگەن ھەدىسىنىڭ مەزمۇنى بويىچە ئەخلاقىمىزنى تۈزەتمەيمىز؟ بىز مۆئمىنلەر خۇددى مۇئمىن قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئۈستىدىن نازارەت قىلىشقا ئەۋەتىلگەندەكلا، ئۇلارنىڭ ساقال بۇرۇتى، كېيىم-كېچىكىنى ئانالىز قىلىپ، بىكاردىن بىكار ئاداشقانلار، مۇرجىئىيلەر دەپ ئۇلارنى ئەيىبلەپلا يۈرىمىز. نېمىشقا ئۆز نەپسىمىزنى ئىسلاھ قىلىشقا، گەپ-سۆزىمىزگە دىققەت قىلىشقا، ئىش-ئەمىلىمىزنى «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىسكە تەڭلەپ كۆرۈشكە ئەھمىيەت كۆرسەتمەيمىز. نېمىشقا ئەقىدە ۋە تەقۋا پىرىنسىپىدا بىر-بىرىمىز بىلەن دوست ئىكەنلىكىمىزنى، ئومۇمنىڭ ئىككى دۇنيالىق بەخت سائادىتى ئۈچۈن كوللېكتىپ ھەرىكەت ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىشتا ئورتاق بىر گەۋدە بولۇپ ھەرىكەت قىلىشنىڭ زۆرۈر ۋە مەجبۇرىيەت ئىكەنلىكىنى، بۇ ئارقىلىق ئۆزىمىزنىڭ جانابى ئاللاھنىڭ رەھمەت دائىرىسىگە كىرىپ ۋە مېھرىبانلىقىغا ئېرىشىدىغانلىقىمىزنى، بۇ ھەمكارلىق ۋە ياردەملىشىشنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش ۋە ئىجتىمائىي جەمئىيەتتە ئىمان ۋە تەقۋادارلىقنىڭ ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىشى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، بۇ نىشان ۋە بۇ غايە يولىدا ھەرىكەت قىلىشقا تىرىشچانلىق كۆرسەتمەيمىز!

[1]زەرىف قارى ھاجىم، ″ئەممە پارە تەپسىرى″ 340-بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# ئىقتىسادىي ئېكىمىزدىكى نۇقسانلار...

ئۆمەر سالىھ زىبائىي

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن دۇنيا تەرتىپىدە تۆردىن ئورۇن ئېلىشقا مۇۋەپپەق بولغان غەرب كۈچلىرى، ئۆزى ۋە ئۆزىنىڭ چوقۇنغۇچلىرى بىلەن بىرگە ئىقتىسادنى دۇنيادا بىردىنبىر كۈچ قىلىپ كۆرسىتىشكە باشلىدى. بۇنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئادىمىيلىكى ۋە ئېسىل ئىسلامىي قىممەت ـ قاراشلىرى بىلەن ھەر قەۋمگە ئىنساپ ۋە سەممىيەت كۆزى بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان ئىسلام مىللەتلىرى ھەمدە ئىنسانىيلىق قىممەت ـ قاراشلىرىدىن ۋاز كەچمىگەن ئاز بىر قىسىم مۇسۇلمان بولمىغان مىللەتلەر، بۇ يېڭى دۇنيا مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ بۇلاپ ـ تالاش ئوبيېكتىغا ئايلاندى. بۇنىڭ ئالدىدا مۇستەھكەم ئىلاھىي ئىرادە ۋە شۈكۈر ـ قانائەتكە تولغان شۈكرانە بەندىچىلىك مېتودى بىلەن تاقابىل تۇرۇشنى تاللىۋالغان ئىسلام ئۈممىتى، بۇ كۈچلەرگە قارشى ئۆز ئىچىدە بىر ـ بىرىگە سەۋرنى تەۋسىيە قىلىش بىلەن بىرگە شۈكۈر ـ قانائەتنى تەقۋالىقنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىدىن ھېسابلاپ كۆڭلىنى تىندۇرۇشتى. ئەلۋەتتە بۇنى خاتا دېيەلمەيمىز، ئەمما چۈشەنچە ۋە پوزىتسىيەدە مەلۇم دەرىجىدە ئەگرىلىك بار دەپ قارايمىز. چۈنكى دۈشمەن ئەڭ ئەھمىيەت بەرگەن، ئادەم باللىرى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان بايلىق، ئۇلارنىڭ ئىنسانلارنى ئاللاھنىڭ يولدىن ئۇزاقلاشتۇرۇپ، ماددىي مەنپەئەت ئۈستىدە ۋاستە تاللىمايدىغان، ئەقلى كونترول قىلىنغان ئىنسان سۈپەتلىك مەخلۇقلارنى بارلىققا كەلتۈرۈشتىكى ئەڭ چوڭ كوزىرى بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن، مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ مەسىلىگە سەزگۈر قارىمىغانلىقى تۈپەيلىدىن كۈچى كۈندىن ـ كۈنگە ئاجىزلىشىپ،

ھۆكۈمرانلىق ئاستا-ئاستا دۈشمەننىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتكەنىدى.

بۇنىڭغا ئوخشىغان خىلمۇ-خىل سەۋەبلەر تۈپەيلى مۇسۇلمان دۇنياسى كۈچ-قۇۋۋەتتە كۈندىن-كۈنگە ئارقىغا چېكىندى ۋە چېكىنىۋاتىدۇ. ئەمدى نەزىرىمىزنى قاراقۇرۇم، تەڭرىتاغ ۋادىلىرىدا، تەكلىماكان بويلىرىدا ياشاپ كېلىۋاتقان مەھكۇم خەلقىمىزگە ئاغدۇرىدىغان بولساق، تارىختىن بېرى نۇرغۇن ئىسسىق-سوغۇقلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بۇ ساددا شۈكۈر-قانائەتلىك خەلقىمىز ناھايىتى ئاددىي-ساددا، ئەمما ئىنتايىن قانائەتچان ياشاپ كېلىۋاتاتتى. قورسىقى تويسا، باشقا غەمنى ئۆزگە ئارتۇقچە ھېسابلىغان بۇ خەلق، تۇپراقلىرى قولىدىن كەتسىمۇ قوغلاپ چىقىرىلمىغىنىغا شۈكۈر قىلىپ ياشاپ كېلىۋاتاتتى. بۇ كەڭ قورساقلىق ۋە ھەددىدىن زىيادە قانائەتچانلىق ئۇلارنى بارچە نەرسىسىدىن ئايرىماقتا ئىدى. ھالبۇكى شۇنچە ئىزتىراپلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈۋاتقان بۇ ساددا خەلقىمىز ئىچىدىن قولىغا ئازراق ئىقتىساد كىرگەنلىرى بولسا (ئاز بىر قىسمىنى ھېسابقا ئالمىغاندا)، مال-دۇنياغا ئېرىشكەن ھامان ھەممىنى ئۇنتۇپ، خۇددى ئۆلمەيدىغاندەك مال-دۇنيالىرىنى ئايۋان-سارايلارغا، كېيىنكى دەۋرلەردە بولسا داچا-بىنالارغا، ئېسىل ماشىنىلارغا بۇزۇپ چېچىشىپ، بىخۇتلۇق دەرياسىغا غەرق بولۇپ كېتىۋاتاتتى.

خوش، ئەسلىملىرىمىز مۇشۇ يەرگىچە بولسۇن. تارىخنى تارىخچىلار تەتقىق قىلسۇن. بىز ئەمدى يېقىنقى دەۋرلىرىمىزگە نەزەر سېلىپ باقايلى:

بىز يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا 2014-يىلىدىن باشلاپ سۆزلەيلى. دەل 2014-يىلىنىڭ ئالدى-كەينىدىن باشلاپ تۈركىيە ھەرخىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ۋەتەنىدىن ئايرىلغان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئاخىرقى بېكىتى بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن تۈركىيە ئىستانبۇلدا ئۇيغۇرلار توپلاشقان، كۆچۈم مەھەللىلەر بەرپا بولۇشقا باشلىغان ئىدى. بۇ مەزگىللەردە ئارقا-ئارقىدىن كېلىۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىگەچ ھەمدە ۋەتەن بىلەن بولغان ئىمپورت-ئېكسپورت يوللىرى كېسىلمىگەن ۋاقىتلار بولغاچ، ھەممەيلەننىڭ تۇرمۇشى خېلىلا پاراۋان ئىدى. ئاشپەز، ناۋاي دېگەندەك ھۈنەرۋەنلەر ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا دۇكانلارنى بەس-بەستە ئېچىشىپ، تاپاۋىتىنى باشلاپ كەتكەن بولسا، ھېچقانداق ھۈنىرى يوقلارمۇ ھەرخىل تاللا بازارلىرى، ئۆي-مۇلۇكچىلىك تىجارىتى، غەيرى رەسمىي مېھمانخانا، تېلېفون دۇكانلىرى دېگەندەك تاپاۋەت ئورۇنلىرىنى ئېچىپ، ئانچە-مۇنچە سودىدا ئېپى بارلار ۋەتەنگە ھەرخىل ماللارنى كىرگۈزۈپ-چىقىرىش (ئىمپورت-ئېكسپورت) سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىپ، پاراۋان بىر دەۋر مەيدانغا كەلگەنىدى. ھېچقانداق ئىشنى ئەپلەشتۈرەلمىگەنلەرمۇ ھەم ۋەتەندىكى

www.uyghurkitap.com

جان ـ جگەرلىرى ئۆز نەپسىدىن كېچىپ، هاياتىنى دوغا تىكىپ سېلىپ بەرگەن پۇللارنى خاتىرجەم خەجلەپ بەخىرامان ياشىماقتا ئىدى. ھەممىنىڭ يانچۇقى توم، غېمى يوق بۇ پاراۋان چاغلاردا دوقمۇش ـ دوقمۇشلاردا كۆپلەپ ئېچىلىپ كەتكەن ئۇيغۇر تاماقخانا، ناۋايخانا ۋە ھەرخىل ھۈنەرۋەن، كاسىپلارنىڭ سودىلىرىمۇ ناھايىتى ياخشى ئىدى. چۈنكى ھەممىدە جاپاسىز پۇل بار ئىدى، غەمسىز خەجلىيەلەيتتى. چۈنكى قىنىمىزغا سىغماي كەتكەن بىپەرۋالىق بىزنى مۇشۇ ياقا ـ يۇرتلاردىمۇ ئەتىنىڭ غېمىدىن قورقۇتالمىغان ئىدى.

كۈنلەر شۇ تەرىقىدە بىر مەزگىل ئۆتتى ـ يۇ، بۇ ئەھۋال يەنىلا ۋاقىتلىق بولدى. ئۇزاق ئۆتمەي بۇ پاراۋانلىق كۈنلىرىمىزگە كۆز تەگدى. ۋەتەنىنىڭ ۋەزىيىتىنىڭ كۈنسېرى يامانلىشىشىغا ئەگىشىپ ھەممە ئىش كاساتلىشىشقا باشلىدى. ئاستا ـ ئاستا ھەممە ئۆز ئىقتىدارىغا تايىنىپ پۇل تېپىشقا ئۇرۇنمىسا بولمايدىغان بىر دەۋرگە كېلىپ قالدى. بۇرۇنقىدەك، ھۈنەرۋەنلەر دۇكىنىنىڭ بوسۇغىسىدىن ئاتلىغان خېرىدارغىلا مۇلازىمەت قىلىدىغان ئەمەس، ئەمەلدىلىكتە بوسۇغىنىڭ تېشىدىكى خېرىدارنىمۇ قانداق قىلىپ بوسۇغىدىن ئاتلىتىش توغرىسىدا ئويلانمىسا، تەدبىر قوللانمىسا بولمايدىغان ۋەزىيەت شەكىللەنگەن ئىدى. ئىقتىدارى يېتەرلىك بولمىغان ياكى كەسپتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىغان ھۈنەرۋەن ـ كاسىپلار ئەڭ بالدۇر بازاردىن شاللىنىشقا باشلىدى. چۈنكى ھەممىنىڭ مەقسىتى پۇل تېپىش، ئوبيېكتى ئازغىنە ئۇيغۇرلار ئىدى. ھېچكىم ئۆزىنىڭ مەھسۇلاتىغا يەرلىكلەردىن خېرىدار جەلپ قىلىشقا ئۇرۇنمىدى. قىزىقىپ كىرگەنلەرگە مۇئامىلە قىلدى ـ يۇ، سىرتقا قارىتا بازار ئېچىش ئۇسۇلىنى قوللانمىدى. بۇنىڭ تۈرتكىسىدە بارا ـ بارا شاللىنىش يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلدى. ئاددىي بىر مىسال:

تۈركلەر كۆپ رايونلاردا يېمەكخانا ئاچقان ئۇيغۇرلار بولسىمۇ ئۇيغۇر تاماقلىرىنى تونۇشتۇرۇپ تەشۋىقات ۋاراقلىرى تارقاتمىدى، ھېلىھەم قىلمايۋاتىدۇ. ئۇيغۇرنىڭ يېمەكلىرىنى خەلقئارالاشتۇرۇشقا يۈزلەنمىدى. پەقەت قىزىقىپ بىر قېتىم كىرگەن تۈركلەرنىڭمۇ شۇنىڭدىن كېيىن دائىملىق خېرىدارلارغا ئايلانغانلىقى ھەممىمىزگە مەلۇم. ئەڭ ئاددىيسى بىزنىڭ پولولىرىمىز يېگەن ھەرقانداق كىشىنى مەپتۇن قىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، تەشۋىقاتتىكى بوشاڭلىقىمىز تۈپەيلى دۇنياغا «ئۆزبېك پولوسى» سۈپىتىدە تونۇلماقتا.

بىز نېمە ئۈچۈن ئۆزىمىزنىڭ مىللىي مەھسۇلاتلىرىمىزنى خەلقئارالاشتۇرۇشقا ئەھمىيەت بەرمەيمىز؟ بىز چوقۇم يېمەك ئىچمەكلىرىمىزگە سۈپەت قوشۇپ باشقىلارغا ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا ۋە گېزىت ژۇرناللاردا كۈچلۈك تەشۋىق قىلىشىمىز ۋە ياكى ئەڭ ئەرزان تەشۋىقات ئۇسۇلى بولغان تەشۋىقات ۋارىقى تارقىتىش ئارقىلىق

مەھسۇلاتلىرىمىزنى تونۇتىشىمىز كېرەك. ئەگەر بۇنىڭدا غەلىبە قىلالىساق بۇنىڭ پايدىسىنى ھېسابلاپ بولغىلى بولمايدۇ.

نېمە ئۈچۈن ھۈنەرۋەنلەرنى كۆپ مەسىلىگە ئالدۇق؟ دەپ سورالسا، ئاساسلىق مەسىلە ھۈنەرۋەنلەردە. بۇلارنىڭ پۇل تېپىش ئوبيېكتى پەقەت ئۈيغۇرلار بىلەنلا چەكلىنىپ، سىرتقا بازار ئېچىشقا ئەھمىيەت بەرمىگەن. خەقنىڭ يانچۇقىدىكى پۇلنى ئەمەس، قېرىندىشىنىڭ، يېقىن ئېيتقاندا، ئۆزىنىڭ يانچۇقىدىكى پۇلنى نىشان قىلغان. مەسىلە دەل مۇشۇ يەردە ئېغىرلىششقا باشلىغان ئىدى. ھەرقانداق بىر يەككە شەخس بولسۇن، شىركەت گۇرۇھ بولسۇن، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى نىشانلايدىكەن، چوقۇم سىرتقا قارىتا كېڭەيمىچىلىك قىلماي تۇرۇپ نىشانىغا يېتەلمەيدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئەسلىدە ھۈنەرۋەنلىرىمىزدە توغرا بولغان ئىقتىساد قارىشى ۋە تىجارەت ئېڭى بولۇشى لازىم ئىدى. ئەمما ئەپسۇسكى، بىزدىكى زامانغا ماس كەلمىگەن سەممىيلىك، ساددىلىق، قارا تەۋەككۇلچىلىك ۋە تەشۋىقاتقا سەل قاراش خاھىشىمىز بىزنى بۇ ئۇسۇللارنى قوللىنىشىمىزدىكى ئۈيقۇمىزنى ئاچقىنى يوق. ئەمدى نەزىرىمىزنى ئاددىي بولسىمۇ ھۈنرى يوق خەلقىمىزگە قارىتايلى:

بۇلارمۇ ھەم دەسلەپتە ئېيتقىنىمىزدەك، ھەممە ئۆز ئىقتىدارىغا تايىنىپ تاللا دۇكانلىرى، باققالچىلىق ۋە ئۆي-مۇلۇكچىلىك تىجارەتلىرى بىلەن ئەڭ كۆپ شۇغۇللاندى. ئېپى كەلسە ئۆز قېرىنداشلىرىغا ئەڭ يۇقىرى باھادا خىزمەت قىلىشتى. بازارنىڭ كاساتلىششى ۋە ۋەزىيەت كەلتۈرۈپ چىقارغان يېڭىدىن كېلىدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلۈشىگە ئەگىشىپ بۇلارنىڭمۇ ئوقتى زەربىگە ئۇچرىدى. ھەممەيلەن يېڭى ئوقەت ئىزدەشكە كىرىشىپ كەتتى. قولىدا ئاز-تولا پۇلى بارلار يەنە شۇ بۇرۇنقى تەۋەككۇلچىلىكنى ئىشقا سېلىپ ئالتۇن بازارلىرى ۋە دوللار بازارلىرىدا تەلەي سىناشقا باشلىدى. بۇ ئەھۋال مەلۇم شەكىلدە ئىقتىسادىي ئۇنۇم ياراتقان بولسىمۇ، ئاخىرىدا يەنە شۇ مۇبارەك بىخۇتلۇقىمىز، جەمئىيەتكە ماس كەلمىگەن ئاقكۆڭۈللۈكىمىز تۈپەيلى، بىر قانچە ئاي بۇرۇن ئىستانبۇلدا قويمىچىلارنىڭ چۆنتىكىگە چۈشۈپ كەتكەن مىليون دوللار پۇللار ھېلىھەم يۈرەكلىرىمىزنى مۇجۇماقتا. ئەڭ ئېچىنىشلىقى، بۇ پۇل بىر ياكى بىرقانچە ئادەمنىڭ مەبلىغى بولماستىن، خېلى كۆپ ساندىكى ئۈيغۇرلارنىڭ بىر شەخسىي دۇكانغا يىغىلىپ قالغان مەبلىغى ئىدى. شۇنچە كۆپ ئۈيغۇرنى ئۆزىگە جەلپ قىلالىغان بۇ كىچىككىنە دۇكاندارنىڭ زادى قانچىلىك قابىلىيەت ئىگىسى ئىكەنلىكىگە ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ. باشقا ساھەلەرگە بولغان قىزىقىشىمىز، مەبلەغ سېلىش نىسبىتىمىز يوقنىڭ ئورنىدا. چۈنكى ئۇ ساھەلەرگە بولغان تونۇشىمىز يېتەرلىك ئەمەس ياكى يوق دېيەرلىك. تولا

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

قويۇلۇپ يۈرەك ئالدى بويىقالغان قېرىنداشلىرىمىز كىمگە ئىشىنىشنى بىلەلمەي گاڭگىرىماقتا. چۈنكى سانائەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىگە قاراپ ئىلگىرىلەۋاتقان 21-ئەسىرگە ئارا-كەتمەنلىرىمىز بىلەن كىرىپ كەلگەن بىز ئۇيغۇرلار، رەزىللىكنىڭ ئۆتكۈر تىرناقلىرى بىلەن دۇنيادىن يىراقلاشتۇرۇۋېتىلگەن ماكانىمىزدىن چىقىپ دۇنياغا يۈزلەنگىنىمىزدە، ئۆزىمىزنىڭ ئىقتىساد ئىگىمىزنىڭ، تىجارەت قابىلىيىتىمىزنىڭ نەقەدەر تۆۋەن ئىكەنلىكىنى ھېلىھەم ھېس قىلالماي تۇرماقتىمىز. بەش ئەزايى ساق، تارىخنى ۋاراقلىسا ۋەتەندە خېلى يامان ئەمەس مال دۇنيا ساھىبى بولۇپ ياشىغان ئوتتۇرا ياش ئاكىلىرىمىزمۇ بۇ يەرگە كەلگەندىن بۇيان بارا-بارا ئىقتىساد ئەھۋالى ناچارلىشىپ، ھەتتا ئۆي ئىجارىسىنى تۆلىيەلمەيدىغان ھالەتكە كېلىپ قېلىۋاتقانلىقى ئادەمنىڭ يۈرىكىنى ئېچىشتۇرىدۇ.

ئەمدى بۇنىڭ سەۋەبلىرىگە كۆز يۈگۈرتۈپ باقايلى: ئالدى بىلەن بۇ مەسىلىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق سەۋەبىنى ئۆگىنىشتىكى بوشاڭلىقتىن دەپ قارىساق خاتالاشقان بولمايمىز. مەسىلەن، تۈركىيەگە كەلگىلى ئۈچ-تۆت يىل بولغان بىر ئاكاشتىن تۈركچىنى بىلەمسىز؟ دەپ سورىسىڭىز، ئىككىلەنمەستىن: ياق، دەپ جاۋاب بېرىدۇ. كونىلاردا "يەكچەشمىنىڭ شەھىرىگە بارساڭ بىر كۆزۈڭنى قىس" دەيدىغان گەپ بار. بۇ ماقال-تەمسىلنى بىزنىڭكىلەر ھەممە ئىشقا بىر نۇقتىدىن قاراپ ھۆكۈم قىلىش، دەپ چۈشىنىۋالغانمۇ-قانداق؟ ئىشقىلىپ ھېچكىم بۇلارنىڭ تىلىنى ئۆگىنىشكە ئەھمىيەت بەرمەي كەلمەكتە. ئادەتتىكى سۆز-ئىبارىلەرنىمۇ قائىدىسى بويىچە ئۆگىنىشكە ئەھمىيەت بەرمەي، ئۇيەر-بۇيەرلەردە ئاڭلىۋالغانلىرىغا قىياس قىلىپ خاتا تەلەپپۇز بىلەن مەقسەتنى تەستە چۈشەندۈرۈپ، ئىشنى ئەپلەپ كېتىۋاتىدۇ. ھەتتا ئۇيغۇرچە گەپنىڭ ئاخىرىغا "جېك، يورۇم" كەبى تۈركچىدىكى ئەڭ ئاددىي قوشۇمچىلارنى قوشۇپ مەقسەتنى يېرىم-ياتا بىلدۈرۈۋالسىلا شۈكۈر، دەپ ئىشنى قىلىپ كۆنۈپ قېلىۋاتىدۇ.

تۈركلەر بىزنىڭ چالا تۈركچىمىزنى ئاڭلاپ قاراپ تۇرۇپ، ئاخىرىدا چۈشەندىم، دېگەندەك قىلغىنى بىلەن، بىزنىڭ ئىپادىلىمەكچى بولغان مەقسىتىمىزنىڭ يېرىمىنى چۈشىنىشى ناتايىن. بەزى قېرىنداشلىرىمىز ھەتتا ئىقامەت ئىشلىرى ئۈچۈن كۆچمەنلەر ئىدارىسىگە بارغاندىن باشقا ۋاقىتلاردا ئايلاپ-يىللاپ تۈركلەر بىلەن پاراڭلىشىپ قالمايدۇ، چۈنكى ئۇلار ھەرقانداق ئالاقىسىنى ئۇيغۇرلار بىلەنلا قىلىدۇ. ئەگەر مىللەتچىلىك ئېڭى يۇقىرى تۈركلەر بۇنداق تەلەپپۇزدىكى تۈركچىنى ئاڭلاپ قالسا، بىزنىڭ تىلىمىزنى مەسخىرە قىلىدىكى، دەپ ئېسىلىۋېلىشى مۇمكىن. بۇ ھەقتە مۇشۇنچىلىك سۆزلەيلى. لېكىن شۇنى ئەسكەرتىش كېرەككى، تۈرك تىلىنى

ئۆگەنمەستىن چىقىش يولى تېپىپ، بۇ دۆلەتتە ئىقتىسادىي قىممەت يارىتىشنى خىيال قىلىش ئەخمىقانىلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

2 ـ ياشاۋاتقان دۆلەت ياكى رايوننىڭ تىجارەت ئۇسلۇبى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ تىجارەتچىلەر ۋە ئىشلەمچىلەرگە يۈرگۈزۈۋاتقان سىياسىتىنى بىلىپ قويۇشقا ئەھمىيەت بەرمەسلىك.

بىر دۆلەتنىڭ قانۇن ـ تۈزۈمى ياكى ھاكىمىيىتىگە كۆز ـ قارىشىڭىز قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، سىز شۇ دۆلەتتە ياشاۋاتقان ئىكەنسىز، بولۇپمۇ پاناھلىقتا بولغان ئىكەنسىز، شۇ دۆلەتنىڭ قانۇن ـ تۈزۈمىنىڭ سىزنىڭ شەخسىي مەنپەئەتىڭىزگە بىۋاستە چېتىلىدىغان تەرىپىنى چوقۇم ئۇقۇپ قويۇشىڭىز لازىم. ئەڭ ئاددىي بىر مىسال: تۈركىيەدە 3000 تۈرك لىراسىدىن ئارتۇق ھەرقانداق ھەق تەلەپ داۋاسى قەغەزگە يېزىلىپ، ئىمزا قىلىنمايدىكەن، ئەرزىڭىز قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئەگەر سىز بىرسىدىكى ئېلىشىڭىزنى ئالالمىسىڭىز، قارشى تەرەپ دىنىمىزنىڭ بۇيرۇقىغا ياكى ئالىملارنىڭ ھۆكمىگە بويسۇنماستىن ھەققىڭىزنى يەۋېلىشقا ھەرىكەت قىلغان ھامان سىز يەرلىك قانۇن ئارقىلىق ھەققىڭىزنى قايتۇرۇۋېلىشىڭىزغا دىنىمىزمۇ يول قويىدۇ. بىز بولساق، ۋەتەنىدىكى ۋاقتىمىزدىكى تىجارەت پىرىنسىپىمىزنىڭ بۇ دۆلەتتە ئاقمىغانلىقىدىن ئىچىمىز پۇشماقتا. بىز ۋەتەندىكى ۋاقتىلىرىمىزدا خىتايلار پۈتۈن نەزىرىنى سىياسەتكە قارىتىپ، باشقا ئىشلار بىلەن كۆرۈنۈشتە بار قىلىپ قويۇپ كارى بولمىغانلىقى ئۈچۈن كۆز بويامچىلىق ۋە پارا بېرىش ئارقىلىق ئىشلىرىمىزنى جۆندەپ كېلىۋاتاتتۇق ھەمدە ئەتراپىمىزدىكى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ كۆپىنچىسى باشقىلارنىڭ ھەققىنى يەۋېلىشتىن قورقىدىغان كىشىلەر بولغاچ، بىر ـ بىرىنىڭ ھەققىنى يەۋېلىش ھادىسىسى ئىنتايىن ئاز ئىدى. كۆرگىنىمىزدەك، بۇ يەردە قويىمچى ئەڭ كۆپ، شۇڭا ھېچكىمگە ئىشىنىشكە بولمايدۇ، قاتتىق زېرەك بولۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

3 ـ تەكەببۇرلۇقىمىزدىن ۋاز كەچمەسلىك

ھەممىز ۋەتەندە ياخشى ياشىغان، ئىقتىسادىمىزمۇ ياخشى ئىدى. ئەمما تەقدىر بىزنى بۇ يەردە ھەممىمىزنى باراۋەر قىلىپ قويدى. يەنىلا سىز ئۆتمۈشتىكى خىيالىڭىز بىلەن كىچىكنى ياراتماي، چوڭنى قىلالماي ياشامسىز؟ ياكى كۆچىڭىز يەتكەن يەردىن باشلاپ، ئۆتمۈشتىكى ياخشى ھاياتىڭىزنى بەرپا قىلىشقا تىرىشامسىز؟ بۇنى ھەممىمىزنىڭ قەلبىگە سوئال ھالەتتە قويۇپ قويايلى!

4 ـ ھەمكارلىق ياكى شېرىكلىك مۇناسىۋىتىگە بولغان تونۇشىمىزنىڭ يېتەرسىزلىكى.

ھەمكارلىق دېگەن ھامان ھەممىمىزنىڭ ئېسىگە تىجارەتتىكى شېرىكچىلىك كېلىشى مۇمكىن. توغرا، بۇ ـ ھەمكارلىقنىڭ پەقەت بىر تۈرى. مەنمۇ

ھەم بۇ يەردە پەقەت مۇشۇ تور ئۈستىدىلا توختالماقچى. ئەمما بۇ ھەمكارلىققا دىنىمىز نېمە دەيدۇ؟ شەرتلىرى قايسى؟ قانداق قىلغاندا باشقىلار بىلەن ئۈنۈملۈك، ئۇزۇن مۇددەتلىك ھەمكارلىق ئورناتقىلى بولىدۇ؟ بۇ مەسىلە ئۈستىدە ئىزدىنىشكە ۋە بۇ ھەقتە مەلۇماتقا ئىگە بولۇشقا ئەھمىيەت بەرگەنلەر قانچىلىك؟

ئىقتىسادىي ئەھۋالىمىزنىڭ چەكلىك بولغانلىقى تۈپەيلىدىن كۆپ كىشىلەر ھەمكارلىشىپ تىجارەت قىلىش يولىنى تاللىۋالدى. ئەمما بىر يىلدىن ئۇزۇن ھەمكارلىشىپ ماڭالىغانلار يوقنىڭ ئورنىدا. بىزدە يۇقىرى مەبلەغ بىلەن ھەمكارلاشقانلار ئۇزۇن ۋاقىت بىرلىشەلەيدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ كىچىك ھېسابلار بىلەن ئىشى يوق. پەقەت تىجارەت زىيانغا قاراپ ماڭمىسىلا بولىدى. ئەمما كىچىك تىجارەتچىلەر دائىم ھەمكارلىقتىن مەسىلە چىققانلىقى تۈپەيلى ۋەيران بولىدۇ.

ئۇيغۇرلاردا ھەمكارلىشىپ تىجارەت قىلىش ئەھۋالى خېلى يۇقىرى سالماقنى ئىگىلەيدۇ، چۈنكى بىزنىڭ قېنىمىزغا سىڭىپ كەتكەن ئىمانىنىڭ ھالاۋىتى ھەردائىم بىزنى قېرىنداشنىڭ ھەققىنى يەۋالماسلىققا ئۈندەپ تۇرىدۇ. شۇنداق بولغان ئىكەن، بىزنىڭ بىر-بىرىمىزگە ئىشىنىش نىسبىتىمىز يۇقىرى، ئەمما نېمىشقا يەنىلا ھەمكارلىقىمىز ئۇزۇنغا بارمايدۇ؟

بۇ مەسىلىنىڭ ھەل بولۇشى ۋە بۇ ئىللەتتىن تولۇق قۇتۇلۇپ چىقىشىمىز ئۈچۈن ھەربىرىمىز بۇ ھەمكارلىق شېرىكچىلىك ھەققىدە يېڭىدىن تونۇش ھاسىل قىلىشىمىز، كەڭ قورساق، ئەپۇچان، ئۇيۇشقاق، بىر-بىرىگە يول قويالايدىغان، ئىقتىدارلىق كىشىلىرىمىزنىڭ قىممىتىنى بىلىدىغان، ئاكتىپ، ئىناۋەتمەن روھىي ھالەت يېتىلدۈرۈشكە تىرىشىشىمىز كېرەك.

يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئىقتىسادىي ئەھۋالىمىز كۈندىن-كۈنگە ناچارلىشىپ كېتىۋاتقان بۇ كۈنلەردە بىز ئاز جاپا بىلەن تېز غەلىبە قىلىشنى ئويلىساق، يەنىلا ھەمكارلىشىپ كارخانا شىركەت قۇرۇش ياكى تىجارەت قىلىشتىن باشقا يول يوق. چۈنكى ھازىر ئاساسەن دېگۈدەك ھېچكىمدە يەككە ئىگىلىك تىكلىگۈدەك ئىقتىساد يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەمكارلىققا بولغان تونۇشىمىزنى قايتىدىن كۆزدىن كەچۈرۈشىمىز ۋە يېڭىدىن تۇرغۇزۇپ چىقىشىمىز لازىم. ھېلىھەم بىزنى نۇرغۇن مەبلەغ سېلىش بوشلۇقلىرى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ.

مېنىڭ تەكىتلەيدىغىنىم ئىزدىنىش، ئىزدىنىش يەنە ئىزدىنىش. ئىزدىنىش ئوگدىسىغا يېتىپ كۆزىمىزنى چەك يۇمۇۋېلىپ خىيال سۈرۈش بولماستىن، بەلكى بىلىم بىلەن، تەپەككۇر بىلەن، ئوقۇپ چۈشىنىش بىلەن ۋە شۇلارنى ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاش بىلەن بولىدۇ. تارىخقا قارايدىغان بولساق، بارلىق غەلىبە قازانغانلار، مەيلى تىجارەتچى،

مەيلى سىياسەتچى مەيلى دېھقان ياكى كەسپىياتچى بولسۇن، ئاساسەن دېگۈدەك ھاياتىدا بايقىغان، بىلگەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى كىتاب قىلىپ يېزىپ قالدۇرغان. بىز شۇلارنىڭ ئىچىدىن بىر تۈرىنى، يەنى پۇل تېپىشقا ئالاقىدار بولغان قىسمىنىلا ئوقۇپ پايدىلىنالىساقمۇ چوڭ ئىش.

بىز كىتاب ئوقۇشقا بولغان سۇسلۇقىمىزدىن، مۇسۇلمانلىق سۈپىتىمىز بىلەن بولسىمۇ تىجارەت پىقھىسىنى ئوقۇپ قويۇشقىمۇ سەل قارايمىز. تاكى جېدەل چىقمىغۇچە بىرەر ئالمىدىن قىلىۋاتقان ئىشىمىزنىڭ توغرا-خاتالىقىنى، بۇ مەسىلىگە دىنىمىزدا قانداق قائىدە-پرىنسىپلارنىڭ بارلىقىنى سورىمايمىز. كىتابخانىلاردىكى پۇل تېپىشقا ئالاقىدار كىتابلار ساناقسىز. ھېچبولمىغاندا، پۇل تېپىشقا ئالاقىدار كىتابلاردىن بىرەر-ئىككى تال ئوقۇپ قويايلى. ھاياتىمىزغا قانچىلىك تەسىر كۆرسىتىدىكىن؟

دۇنيادىكى روناق تاپقان باي كىشىلەرنىڭ تارىخىغا قارايدىغان بولساق، كۆپىنچىسى ئۇنىۋېرسىتېت پۈتتۈرمىگەن بولسىمۇ، ھەردائىم كىتاب ئوقۇشنى، ئىزدىنىشنى توختاتمىغان، دائىم دېگۈدەك كىتاب ئوقۇغان كىشىلەردۇر. ئەڭ ئاددىيسى ئەينى دەۋردە دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە ئېزىلىپ، خارلىنىپ ياشىغان يەھۇدىيلار ئاخىرقى قۇتۇلۇش يولىنى كىتاب ۋە بىلىم دەپ قاراپ، بالىلىرىنى تەربىيىلىگەن ۋاقتىتا كىتابنىڭ ئۈستىگە شېكەر چېچىپ بېرىپ ئوقۇتقان ۋە مۇشۇنداق تىرىشچانلىق بىلەن ئاخىرى غەلىبە قىلدى. مانا ھازىر ھەممىگە نىجىس قولىنى سوزۇپ دۇنيانى سورايمەن دەۋاتىدۇ. پۈتۈن ئىلىملەرنى ئۆزىگە مەركەزلەشتۈرۈۋاتىدۇ. ھېلىھەم ئىزدىنىشتىن مىنۇت ۋاز كەچكىنى يوق.

بىلىمىمىزنىڭ مول بولۇشىنى، مەلۇماتىمىزنىڭ كۆپ بولۇشىنى، تەپەككۇرىمىزنىڭ ساپ بولۇشىنى خالىساق، كىتاب ئوقۇيلى! ساپايىمىزنى ئاشۇرايلى! شۇندىلا جەمئىيەت بىزنى شاللىۋېتەلمەيدۇ. دىنىمىزنى، ئۆزىمىزنى ۋە يولىمىزنى تونۇيالايمىز.

قەدىرلىك قېرىنداشلار! سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ئەھۋالىمىز كۈندىن-كۈنگە ناچارلاشماقتا. باشقىلارنىڭ ھېسداشلىقى ۋە قېرىنداشلىقى بىلەن قولغا كەلتۈرگەن كىچىككىنە غەلىبىلىرىمىزمۇ ئىقتىسادىي ساھەدىكى قارا قوللارنىڭ سۇيىقەستى بىلەن ۋەيران بولماقتا. بىزگە كېلىۋاتقان مۇسىبەتلەرنىڭ 90 پىرسەنتى ئەنە شۇ پۇل مال دۇنيا بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بىزنىڭ گېپىمىزنى قىلىپ ھېسداشلىق قىلىدىغان سىياسىي مەيدانلار ھەم ئەنە شۇ ئىقتىساد بىلەن تۇۋاقلىنىپ ئاۋازى ئۆچمەكتە. ئۇيقۇمىزنى ئاچايلى! ئويغىنايلى، پۇل تاپايلى! ياشاشقا پۇل كېرەك... داۋاغا پۇل كېرەك... تەرەققىياتقا، مائارىپقا پۇل كېرەك... زالىمنىڭ زۇلمىغا نەتىجىلىك، ئۈنۈملۈك قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ھەم پۇل كېرەك...






## يىگىرمە بىرىنچى گۈلخان

### ھەر نەرسىنىڭ كۆتۈرۈشچانلىقى چەكلىك بولىدۇ...

بارلىق پەيغەمبەرلەر بىر جەۋھەرىي پىكىر بىلەن كەلگەن. ئۇ بولسىمۇ "بارچە مەۋجۇداتنىڭ چەكلىكلىكى"دىن ئىبارەتتۇر.

ئەي سۆيۈملۈك ياشلار، دەرھەقىقەت بىزدە مەزكۇر پىكىرنى تەتبىقلاشقا تېگىشلىك تەرەپلەر ئىنتايىن كۆپ. ناۋادا بىز بۇ يادرولۇق پىكىرنى (ھەقىقەت)نى چۈشەنمىسەك، قەدەمدە بىر قېيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلگىنىمىز كەلگەن. ھەر نەرسىنىڭ كۆتۈرۈشچانلىقى چەكلىك بولغانىكەن، ھەر نەرسىگە تاقەت مىقداردىن ئارتۇق تەلەپلەرنى قويۇۋالىدىغان بولساق، زىيان تارتىدىغىنى، ئۇسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدىغىنى، شور پىشانە بولىدىغىنى يەنىلا ئۆزىمىز بولىمىز.

ئەي سۆيۈملۈك ياشلار، بۇ ئىنتايىن مۇھىم تېمىلارنىڭ بىرى. بىز تۆۋەندە بىر قىسىم مىساللارنى بايان قىلىش ئارقىلىق بۇ تېمىنى يورۇتۇپ ئۆتىمىز:

بىز بىر بىنا قۇرۇپ چىقماقچى بولۇپ، ئۇنىڭغا لىم ياكى تۈۋرۈك قىلىش ئۈچۈن بىر تۆمۈرنى تاللىساق، ئەلۋەتتە ئەڭ ئاۋۋال شۇ تۆمۈرنىڭ قانچىلىك بېسىمغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغانلىقىنى ئويلىشىمىز زۆرۈر.

ناۋادا بىز ھېلىقى تۆمۈرنىڭ ئەمەلىي چىدامچانلىقىنى نەزەرگە ئالماي، ئۈستىگە ئېغىر نەرسىلەرنى ئارتىپ قويۇۋەرسەك نېمە ئىش يۈز بېرىدۇ؟! تەبىئىيكى بىنا قىڭغىيىپ كېتىدۇ، يامانراق بولغاندا ئۆرۈلۈپ چۈشىدۇ. ئۆرۈلۈپ چۈشكەننى قايتا ئىنشا قىلماق ئاق يەرگە بىنا سالماقتىن بەسى مۈشكۈل. بۇ مەنىۋىي ئۇقۇملارنى تېخىمۇ روشەن يورۇتۇش ئۈچۈن بېرىلىۋاتقان ماددىي مىسال.

بىزدىكى ۋىجدان، ئائىلە تەربىيىسى ۋە ئۆزىمىزگە قىبلىنامە قىلغان ياشاش پرىنسىپلىرىمىزنىڭمۇ كۆتۈرۈشچانلىقى چەكلىك بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز گۇناھ ـ مەئسىيەت ۋە مۇنكەر ئىشلار يامراپ كەتكەن جەمئىيەتتە ياشاپ؛ پاسىق، چۈشكۈن، پاسسىپ، شەيتان سۈپەت ئادەملەر بىلەن ئارىلىشىپ ۋىجدانىمىزغىمۇ ئېغىر بېسىم قىلماسلىقىمىز كېرەك. نۇرغۇنلىغان ياشلار ئۆزى دەسلەپتە ياخشى بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ياشىغان مۇھىتى ۋە ئارىلاشقان ئادەملىرى ياخشى بولمىغاچقا، بارا ـ بارا يولدىن چىققان ۋە شۇلارنىڭ سەنىمىگە دەسسەيدىغان بولۇپ كەتكەن. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئەسلىدىكى ساپ، تەبىئىي بولغان ئىنسانىي ئەخلاقى ۋە ۋىجدانى ئەتراپىدىكى مۇھىتنىڭ بېسىمىغا بەرداشلىق بېرەلمىگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز چوقۇم ئىلگىرىكىلەرنىڭ تەجرىبە ساۋاقلىرىدىن ئىبرەت ئېلىپ، ئۆزىمىزگە مۇناسىپ كەلمەيدىغان جەمئىيەتتىن ۋە نامۇسسىپ كىشىلەردىن يىراق تۇرۇشىمىز كېرەك.

نۇرغۇنلىغان كىشىلەر گەرچە شۇ قەدەر ئەقىللىق، چېچەن ۋە ھوشىيار بولسىمۇ بۇ ھاياتتا ھېچ ئىشتا ئۇتۇققا ئېرىشەلمىگەن. چۈنكى ئۇلار ئۆزىنىڭ زېرەك ۋە ھوشيارلىقىغا ھەددىدىن زىيادە ئىشىنىپ كېتىپ، قىلىشقا تېگىشلىك ئاددىي سەۋەبلەر ۋە تىرىشچانلىقلارنى تاشلاپ قويغان. شۇنىڭ بىلەن ئاخىرى نۇرغۇن كېلىشمەسلىكلەر ۋە مەغلۇبىيەتلەرگە ئۇچرىغان. غەلىبە سەھنىسىدە ئاقىللىق ۋە چېچەنلىك ناھايىتى مۇھىم بولسىمۇ، ئەمما بىردىنبىر ئامىل ئەمەس. ئەلۋەتتە غەلىبە نۇرغۇنلىغان ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ ئامىللارنىڭ قوشۇلۇشىدىن بارلىققا كېلىدۇ. ئاقىللىق بولسا مەزكۇر ئامىللار ئىچىدىكى پەقەت بىرى خالاس. شۇنىڭ ئۈچۈن غەلىبە قازىنىمەن دەيدىكەنمىز چوقۇم ئۆگىنىش، مەشىق قىلىش، ئىزچىللىق، پۇختىلىق، سەۋرچانلىق، نىشان بېكىتىش، ئىرادىلىك بولۇش... قاتارلىق ئامىللارنى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىقىمىز كېرەك.

بەزى قىزلار ئۆزىنىڭ گۈزەللىكىگە ۋە لەۋەنلىكىگە ھەددىدىن زىيادە ئىشىنىپ كېتىدۇ ۋە بۇلارنى ئۆزىنىڭ قالقىنى قىلىۋالىدۇ. ئۇلار تويى قىلىپ بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ئەر ـ ئايال ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش، سۈركىلىش باشلىنىپ كېتىدۇ ـ دە، ئائىلە تۇرمۇشى

www.uyghurkitap.com

تالاق بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى قىز ئۆزىنىڭ گۈزەللىكىنى پەقەت دۇنيادا بىر دەپلا ئويلاپ قالغان. شۇنداقلا قارشى تەرەپنىڭ ھېسسىياتى ۋە ھۆرمەتلىنىش، ئەرلىكىنى ھېس قىلىش تۇيغۇسى بىلەن ھېسابلاشمىغان. قىز ″مەن گۈزەل، شۇنىڭ ئۈچۈن ئېرىم مەن نېمە دېسەم شۇنى قىلىپ بېرىشى كېرەك، نېمە قىلسام خاتا بولماسلىقى كېرەك″ دەپ ئويلىغان. قىز بۇ يەردە شۇنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويغانكى، گۈزەللىك تويدىن كېيىن ئەرگە نىسبەتەن ئادەتتىكى نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. ئەرگە ئائىلىدە ئەڭ مۇھىم بولىدىغىنى ئايالنىڭ روھىي پاكلىقى ۋە ئەخلاقىي گۈزەللىكىدۇر. خۇلقى گۈزەل ئاياللار گەرچە چىرايى ۋاي دەپ كەتكۈدەك بولمىسىمۇ، ئەمما گۈزەل ئەخلاقى ۋە ئىشچانلىقى، مېھرىبانلىقى بىلەن بەختلىك تۇرمۇشقا ئېرىشەلەيدۇ.

بۇ مەكتۇپنىڭ قىز ـ يىگىتلەرگە قارىتا مۇھىم نۇقتىلىرى:

1. دائىم ″ھەر نەرسىنىڭ چېكى بار″ دېگەن ھەقىقەتنى ئېسىمىزدىن چىقىرىپ قويماسلىقىمىز كېرەك. دانىشمەنلەر مۇنداق دېگەن: ″ھەر نەرسىنىڭ چېكى بار، ناۋادا چەكتىن ئېشىپ كەتسە، ئەسلىگە قايتىپ كېتىدۇ.″

2. ھەر ئىشتا تەكپۇتلۇق ۋە نورماللىقنى پىرىنسىپ قىلىش ئىنتايىن مۇھىم. ھاياتلىق سەپىرىمىزدىكى بارلىق قېيىنچىلىقلىرىمىز مۇناسىۋەتلىك سەۋەب ۋە ئامىللار ئارىسىدا ئەپچىللىك بىلەن مۇۋازىنەت ھاسىل قىلالىغاندىلا ئوڭايلىشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر ئىشنىڭ تەكپۇتلۇق نۇقتىسىنى ئىزدەشكە ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك.

ئادەم ياشلىق مەزگىللىرىدە بىر قەدەر ھېسسىياتچان ۋە ئالدىراڭغۇ بولىدۇ. ئۇنىڭ خاھىشلىرى گويا ئاساۋ ئاتقا ئوخشايدۇ. مانا بۇ خىل روھىي ھالەت بىزنى ھە دېگەندىلا بىتەرەپلىمىلىك ۋە بۇرنىنىڭ ئۇچىنىلا كۆرۈشكە ئېلىپ بارىدۇ ـ دە، مۇۋازىنەت ۋە تەكپۇتلۇقتىن مەھرۇم قويىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ياشلار ئۆزىمىزنىڭ ياشلارچە خاھىشلىرىمىز ۋە قىزىقىشلىرىمىزدا چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىشتىن ساقلىنىشىمىز زۆرۈر.




چىن مەنىدىكى ئېھسان...

پىشىپ ـ يېتىلمىگەن ۋاقىتلىرىمىزدا ″بەخت ـ سائادەت ساغلاملىق، گۈزەللىك، مال ـ دۇنيا... قاتارلىقلاردا بولىدۇ″ دەپ ئويلاپ قالىمىز. بىر ئاز پىشىپ يېتىلىپ، ھاياتنىڭ ئىسسىق ـ

سوغۇقلىرىنى بېشىمىزدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن يۇقىرىقى قاراشلىرىمىزنىڭ تولىمۇ يۈزەكي ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز. بۇ ۋاقىتتا بىز ئاستا-ئاستا "بەخت-سائادەت باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىش ۋە ئەتراپىمىزدىكىلەرنىڭ خۇشاللىقىغا سەۋەبچى بولۇش"تا ئىكەنلىكىنى بايقىغىلى تۇرىمىز.

پىشمىغان ۋاقىتلىرىمىزدا ئېھسان دېمەك، مۇھتاجلارغا يېمەك-ئىچمەك بېرىش ۋە پۇل-مال بېرىش دەپ ئويلاپ قالىمىز. پىشىپ يېتىلگەندىن كېيىن ھەقىقىي ئېھساننىڭ باشقىلارغا پۇل-مال، يېمەك-ئىچمەك بېرىشلا ئەمەس، بەلكى روھ، ئەقىل، تەجرىبە ۋە ۋاقىت... تىن ئىبارەت تېخىمۇ مۇھىم نەرسىلەر بېرىش ئىكەنلىكىنى بىلىمىز.

- بىر قېرىندىشىمىزغا يوق يېرىدە چىن قەلبىمىزدىن دۇئا قىلالىساق... ئۇنىڭغا ئېھسان قىلغان بولىمىز.
- بىزگە يامانلىق قىلغان بىرىنى چىن كۆڭلىمىزدىن ئەپۇ قىلىۋەتسەك ۋە ئۇنىڭغا ئاداۋەت ساقلىمىساق... ئۇنىڭغا ئېھسان قىلغان بولىمىز.
- بىراۋ كەچۈرۈم سورىسا ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلساق ۋە كونا خاماننى سورۇپ يۈرمىسەك... ئۇنىڭغا ئېھسان قىلغان بولىمىز.
- باشقىلارغا چىن كۆڭلىمىزدىن چىقىرىپ ياخشى تەكلىپ ۋە مەسلىھەتلەرنى بەرسەك، ئۇلارنىڭ ئىشىنى ئۆز ئىشىمىزدەك مۇھىم ۋە جىددىي بىلەلىسەك، ئۇلارنىڭ ھاياتىدا ۋە تۇرمۇشىدا ئۆزگىرىش ياسىشىغا ياردەم بېرەلىسەك... ئۇنىڭغا ئېھسان قىلغان بولىمىز.
- باشقىلارنى ياخشىلىققا ئۈندىيەلىسەك، ئۇنىڭ توغرا قىلغان ئىشلىرىغا ئالقىش ياڭرىتىپ رىغبەت بېرەلىسەك... ئۇنىڭغا ئېھسان قىلغان بولىمىز.
- ئۆز ۋەتىنىمىزنىڭ راۋاجى ۋە گۈللىنىشى ئۈچۈن بىر كىشىلىك تۆھپە قوشالىساق، ۋەتەن يولىدا مۇشەققەتلەردىن قورقمىساق، ئاڭلىق بىر ۋەتەن پۇقراسى بولالىساق... ئېھسان قىلغان بولىمىز.
- باشقىلار بىزنىڭ قېشىمىزغا كەلگەندە روھى شادلىنالىسا، قېشىمىزدا ۋاقتىدا غەم-ئەندىشىلىرىنى ئۇنتۇيالىسا، دۇنيانىڭ گۈزەللىكىنى ھېس قىلالىسا... بىز ئېھسان قىلغان بولىمىز.
- باشقىلارغا خالىسانە ياردەم بېرىش ئۈچۈن مۇئەييەن ۋاقتىمىزنى ئاجرىتالىساق... بىز ئېھسان قىلغان بولىمىز.
- لاياقىتى بولمىغان كىشىلەرگىمۇ ھۆرمەت ۋە ئېھتىرام بىلەن مۇئامىلە قىلالىساق، ئۇلارغا ھۆرمەت-ئېھتىرامنىڭ نېمىلىكىنى ھېس قىلدۇرالىساق...

... مانا شۇ چاغدا بىز ھەقىقىي مەنىدە ئېھسان قىلغان بولىمىز.

پەيلاسوپلاردىن بىرى مۇنداق دېگەنىكەن: "مال-دۇنيا ھەدىيە قىلىش

پىكىر ھەددىيە قىلغاندەك قىممەتلىك ئەمەس. ئۆزىمىز ياخشى كۆرىدىغان كىشىلەرگە ئالتۇن، قاشتېشى، ئۈزۈك ... قاتارلىق قىممەت باھالىق نەپىس سوۋغاتلارنى بەرگىنىمىز ھەرگىز ھەقىقىي سوۋغات بولماستىن، بەلكى سىمۋول خاراكتېرلىق سوۋغاتلاردۇر. ھەقىقىي سوۋغات روھنىڭ بىر قىسمىنى بېرىشتۇر.

ئى سۆيۈملۈك ياشلار، ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ ئايىتى توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزۈپ بېقىڭلار: ”ئۇلاردىن كېيىن كەلگەنلەر: «پەرۋەردىگارىمىز بىزگە ۋە بىزدىن ئىلگىرى ئىمان ئېيتقان قېرىنداشلىرىمىزغا مەغپىرەت قىلغىن، دىلىمىزدا مۆئمىنلەرگە قارشى دۈشمەنلىك پەيدا قىلمىغىن، پەرۋەردىگارىمىز سەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىسەن، مېھرىبانسەن» دەيدۇ.[1]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ ھەدىسىنىمۇ مۇلاھىزە قىلىپ بېقىڭلار: ”بىراۋنىڭ يەنە بىر قېرىندىشىغا چىن قەلبىدىن چىقىرىپ قىلغان دۇئاسى ئىجابەت بولىدۇ. ئادەم ھەر قاچان ئۆز قېرىندىشىغا ياخشىلىق تىلەپ دۇئا قىلسا ئۇنىڭ بېشىدىكى مۆئەككەل پەرىشتە ”ئى ئاللاھ ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجاۋەت قىلغىن، ئۇنىڭغىمۇ ئوخشىشىنى بەرگىن“ دەيدۇ.[2]

شۈبھىسىزكى، بارلىق پەيغەمبەرلەر ئۆز ئۈممىتىگە مال ـ دۇنيا ۋە بايلىق قالدۇرغان ئەمەس، بەلكى ئۇلار توغرا يول، پىكىر، نىشان ۋە بۈيۈك غايە قالدۇرۇپ كەتكەن. تارىختىن بېرى خۇداگۇي ئىسلاھاتچىلار شۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ يوللىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ كەلگەن.

بۇ مەكتۇپنىڭ قىز ـ يىگىتلەرگە قارىتا مۇھىم نۇقتىلىرى:

1. قولۇڭلاردىن كېلىشىچە ئەتراپىڭلاردىكىلەرنى خۇشال قىلىش، ئۇلارنى بەخت ـ سائادەت تۇيغۇسىغا چۆمدۈرۈشكە تىرىشىڭلار. مانا شۇ ھەقىقىي ئېھساندۇر.

2. بىزنىڭ باشقىلارغا ئىخلاسىمىز بىلەن خىزمەت قىلغىنىمىز ئەمەلىيەتتە ئۆزىمىزگە قىلىنغان خىزمەتتۇر. چۈنكى، بىز شۇ ئارقىلىق شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ سۆيگۈسى ۋە پەيزى ـ بەرەكاتلىرىغا چۆمىمىز.

3. باشقا قېرىنداشلىرىڭلار ئۇتۇق قازانسا، مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشسە ھەرگىزمۇ كۆڭلۈڭلار يېرىم بولمىسۇن، ئەلۋەتتە سىلەرمۇ ئۇ ئۇتۇق ۋە مۇۋەپپەقىيەتلەردىن بەھرى ئالىسىلەر.

4. ھازىر ئىنسانلار ئەڭ ئېھتىياجلىق نەرسىلەر تەبەسسۇم، مېھرىبانلىق، كۆيۈمچانلىق، ئىللىق چىراي، كۆڭۈل بۆلۈش ۋە دوستلۇق... قاتارلىقلاردۇر. بىز قىممىتى بار ئادەم بولىمەن دەيدىكەنمىز، چوقۇم باشقىلار ئېھتىياجلىق نەرسىلەرنى ئۆزىمىزدە ھازىرلىشىمىز كېرەك.

- داۋامى كېيىنكى ساندا...

[1] سۈرە ھەشر 10 ـ ئايەت
[2] مۇسلىم رىۋايىتى